
قاراماي ئەسەرلىرى — 4



# سۆيگۈ نىدالىرى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن ھاۋالاتى



# سۆيگۈ نىدالىرى

ISBN 978-7-5371-5962-3
9 787537 159623 >
باھاسى: 11.00 يۈەن

قاراماي ئەسەرلىرى — 4



# سۆيگۈ نىدالىرى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

爱的呼唤：维吾尔文/克拉玛依文联编. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.7
（油田精作）
ISBN978—7—5371—5962—3

Ⅰ.爱…　Ⅱ.克…　Ⅲ.散文—作品集—中国—当代—维吾尔语　（中国少数民族语言）Ⅳ.I267

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 110247 号

责任编辑：卡米拉·热合曼
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

油田精作—4
**爱的呼唤**（维吾尔文）
（散文集）
**克拉玛依文联　编**

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号　邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开　5.5 印张
2008 年 7 月第 1 版　2008 年 7 月第 1 次印刷

ISBN978—7—5371—5962—3　定价：11.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى : كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

قاراماي ئەسەرلىرى — 4

# سۆيگۈ نىدالىرى

(نەسرلەر)

قاراماي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168×850مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 5.5
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-5962-3
باھاسى : 11.00 يۈەن
بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

**ئوسمان قاۋۇل**
پەرۋازنامە ...... 1
**ئاينۇر ئابدۇرېھىم**
قەلبىمگە تۇتاشقان يول ...... 24
**ئابدۇۋاھىت ئوسمان جۇدۇن**
ئۇلۇغ ئىستەك ...... 31
**ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى**
ئۆزۈمنى بايقاشتىن تۇغۇلغان ئويلار ...... 34
**ئابدۇۋەلى ئەلى ئەلا**
ئاق كۆڭۈلدە تۇغۇلغان پاك تۇيغۇلار ...... 42
ئېھ ، مېنىڭ ئۈچ بارمىقىم ...... 51
**ئىبراھىم نىياز**
يۈرىكىم پىچىرلايدۇ ...... 57
ئۈزۈلمەس يىپلار ...... 60
گۈللەر ئاۋازى ...... 63
**مەريەم مۇھەممەد**
گۈلنىڭ بايانى ...... 67
ئايالLIق ئىلتىجالىرى ...... 74
**ئەركىن مۇھەممەد كامالى**
گۈزىلىم ...... 86
ئۈنچە نەسرلەر ...... 87
**ئەمەت جاپپار**
شېرىن تۇيغۇلار ...... 89

**ئابدۇرېھىم ئابدۇللا**


مەنزىل ........................................ 92
قوياش بىلەن سۆھبەت .............................. 92
ئۈمىد ........................................ 95
شاۋقۇنلۇق سۆيگۈ.................................. 95


**گۈزەلنۇر مۇتەللىپ**


قىش سۆيگۈسى .................................... 98


**ئامىنە دۆلەت**


ئۇستاز قەسىدىسى .................................. 104


**دىلشات ئابدۇراخمان**


... غا ........................................ 109
ئوقۇتقۇچى ئوغلۇمغا................................ 111


**ئېرشات ھېيتاخۇن**


سۈبھى چېچەكلىرى .................................. 117


**ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم**


پەخىرلىنىسەن دادا ! ................................ 120


**دىلنۇر ياسىن**


كېتىمەن........................................ 127
كەتمەيمەن ...................................... 127
بىلەمسەن ...................................... 128
بىلمەيسەن ...................................... 128
پۇشايمان قىلدىم .................................. 128
پۇشايمان قىلمايمەن ................................ 129


**ئالىيە ئۆركىنباي**


چۈش ........................................ 130
تىكەنلىك گۈل.................................... 130
بوز تورغاي .................................... 131


**خەيرىنسا مەمتىمىن**


بۈگۈن سىنىڭ تويۇڭ ................................ 133

**پاتىگۈل رازى**

كۆز قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالغان سېيما ........ 137

**ئادىل يۇسۇپ**

توي خاتىرىسى .................................. 141

**لەتىپە هامۇت**

سېنى سۆيەلمەيمەن ................................ 145

**مەدەنىيەت قادىر**

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى .......................... 148

**ئايتىللا ئوسمان**

سۆيگۈ نىدالىرى ................................. 153

**ئەلىجان ئوبۇل خەنجەر**

بىز شۇنداق ئوقۇتقۇچى ئىدۇق ................... 157

**نۇرسىمان نۇرمۇھەممەت**

ئاھ ، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ......................... 160

ئەگەر ، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولسا... 161

**رەھىمجان رەھمەتجان**

مانا بۇ قارامای .................................. 163

باغرىڭغا باس ، ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ................ 165


www.uyghurkitap.com

ئوسمان قاۋۇل

# پەرۋازنامە

## 1

ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ سېنىڭ قەسرىڭ تەرەپكە يۈزلىنىپ ئامانلىقىڭنى تىلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇردۇم ، كۆڭلۈمگە تىنچلىقنىڭ ئايان بولغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم .

خانەمگە كېلىپ تۇنجى قىلىدىغان ئىشىم سېنىڭ نۇرلۇق سېيمايىڭغا سالام قىلىش بولدى . ھەر كۈنى شۇ خىل مەشغۇلات تەكرارلىنىۋەرگەچكە مەنۋىيىتىم تېخىمۇ نۇرلىنىپ ، كۈنلىرىم ئەھمىيەتلىك ئۆتكەندەك تۇيۇلدۇ .

قەدەم ئىزلىرىڭغا چېكە تەرلىرىمدىن سۇ سېپىش يەنە بىر مۇھىم مەشغۇلات ماڭا . ساڭا ئايانكى جىگىرىم ، مەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ سەن بىلەن غايىبانە دىدارلىشىمەن ، يىراقتا تۇرۇپ چىرايلىق زىننخلىرىڭنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرىمەن . تىنىقلىرىڭنى پۇراپ جاھاننىڭ بارلىق دىشۋار-چىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن . كۆزلىرىڭگە شۇڭغۇپ كۆڭۈل دېڭىزىدا شوخ بېلىق بولۇپ ئۈزۈپ ئويناشنى ، ئەقىل مەرۋايىتى-لىرىڭنى سۈزۈپ چىقىپ قاشتېشىدەك سۈزۈك بوينۇڭغا تىزىق قىلىپ ئېسىشنى جان دەپ خالايمەن .

ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ سېنىڭ ئاجايىپ خۇلقۇڭغا يەنىمۇ سۈلكەت بېغىشلىنىشىنى ، نازاكەت بابىدا تەڭداشسىز يۈك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرېسى

سەكىلىككە كۆتۈرۈلۈپ قەلبىم تەختىدە مەڭگۈلۈك سۇلتانلىق
سۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن .

ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ…

## 2

ناۋادا مەندىن كۆڭلۈك سوۋۇپ كەتسە ، كۆزلىرىمدىكى نۇرلار بۇرۇنقىدەك يارقىن كۆرۈنمىسە ، ساڭا ياخشى كۆرۈنمەك بولۇپ قىلغان ئىشلىرىم قىلچە كۆڭلۈڭگە ياقمىسا ئامرىقىم ئەڭ ياخشىسى مېنى ئىككىلەنمەي تەرك ئەت . يىراقتىكى گۈلزارلىقتا بىرىپ بەس ـ بەستە ئۈچۈشۈپ يۈرگەن ئاق ، سېرىق ، قىزىل ۋە باشقا رەڭدىكى تۈرلۈك گۈللەر بىلەن بېزەلگەن شوخ كېپىنەكلەرنى قوغلاپ ئويناش بىلەن دىلىڭنى شاد ئەت !

ئۇ تەرىپى چەكسىز شالىلىق بىلەن قاپلانغان ، ماۋۇ تەرىپى يەلپۈنۈپ تۇرغان يايپىشىل بېدىلىككە تۇتاشقان چۆپلۈككە قورقماستىن ئاياغ بېسىپ ، شاردەك چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن ساناقسىز مامكاپ پۆپۈكلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ ئالدىرىماي پۈۋلەپ ئويناش ئارقىلىق قەلبىڭدىكى غەشلىك تۇمانلىرىنى يىراقلارغا ھەيدىۋەتكىن !

ناۋادا ، يۈلتۈزسىز دالىدىكى تۇمانلىق سەپەردە يول مېڭىدشىڭ قىيىنغا توختىسا ، ئىككىلەنمەي ئالدىغا مېڭىۋەر ـ دە ، مەنزىلىڭدە ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆرۈنمەس گەۋدىنىڭ كۆزلەرىدىن ئۆتەر يولۇڭنى يورۇتۇشقا ئوتقاش راسلىۋال ! ناۋادا ، ئاشۇ سەبىي كۆزلىرىڭدىن كۈلكە يىتۇپ كەتسە ھەرگىز دىلىغول بولماي مېنىڭ يېنىمغا كەل ، چۈنكى ئۇ ئۇلۇغۋار كۈلكىلىرىڭنى ئوغرىلاپ يۈرىكىمگە يوشۇرۇۋالغانمەن .

ناۋادا…

## 3

گۈلزارلىقنى بەھۇزۇر ئارىلاپ مەن تەرەپكە كېلىۋەر ئامرد-
قىم ، كۆڭلۈك قايسى گۈلنى خالىسا شۇنى ئۈزۈپ چىرايلىق
قولىقىڭغا قىسىۋال ! ئۇنىڭ بەرگىلىرىدىن قايتقان سۇسقىنە نۇر
ئوماق مەڭزىڭگە چۈشۈپ سېنى تېخىمۇ جىلۋىدار قىلىپ كۆرسەت-
سە ئەجەب ئەمەس .

سىرتتا تاراسلاپ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى شۇن-
چىلىك يامانكى بىردەمدىلا جاھاننى يالماپ ئېقىتىپ كېتىدىغان-
دەك قىلىدۇ ، ئەمما قىلچە غەم قىلمىغىن دىلدارىم ، چۈنكى
مېنىڭ قەلبىم ئاللىقاچان سېنىڭ زىلۋا قامىتىڭگە ماس كېلىد-
غان يامغۇرلۇق بولۇپ بولغان ، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ ئاپئاق
لالە كەبى كۆرۈنۈپ تۇرغان يەلكەم بۇ يامغۇر تۇپەيلى ئېچىشىپ
كېتەرمۇ دەپ غەمسىنما . ئۇنىڭمۇ ئامالى مەندە بار ، يۈرىكىمدىن
تامچىلاپ چۈشكەن مەلھەم بىلەن شۇنداقلا ئەملەپ قويسام ئۇمۇ
دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ .

كىرپىكلىرىمنى پاياندار قىلىپ ئايىغىڭغا سېلىپ قويغىلى
نەۋاق ، ئاشۇ پاياندازنى دەسسەپ يۈرىكىمگە كىرىپ كېلىۋەر !
چۈنكى سېنىڭ دەردىڭدە تولا ھەسرەت چېكىشتىن ھاسىل بولغان
ياشلىرىمدا نەملىنىپ كىرپىكلىرىممۇ يۇمشاق يىپەككە ئايلىنىپ
كەتتى ، ئۇنىڭ ئاپئاق پۇتلىرىڭغا سانجىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە
قىلىشىڭ ھاجەتسىز !...

## 4

سېغىنىش ئازابى چەككە يەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە سېنىڭ
غەمكىن شائىرىڭ پەقەت سېنى كۈيلەپ قەسىدە توقۇش بىلەنلا
كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، سەن جاھان بازارىدىكى ھەرقانداق دەھشەت-

لىك بوران سوقۇۋەتسىمۇ قىلچە ۋايساپ قويۇلىدىغان سولىماس ئەترگۈلدەك قىياپىتىڭ بىلەن ئۇ مىسكىن شائىرلىق ئۈچۈن پۈتمەس سۆيگۈ ئىلھامى تەييارلاپ بەردىڭ . كۆڭلىڭ شۇنچە جاپالىق ئۆتسىمۇ ئاڭا بولغان تەلپۈنۈشلىرىڭنى ئاياپ ئولتۇرا- دىڭ . كۆزلىرىڭ ھامان ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈش بىلەن ، خىيا- لىڭ ھامان ئاشۇ غېرىب يۈرەكنى تاتلىق گەپلىرىڭ بىلەن بەزلەش ئىچىدە تەمتىرەپ ئۆتتى .

سەن بەخت دېگەن ئۇقۇمنى پەقەت ئاشۇ شائىرىڭنىڭ ئاجا- يىپ گۈزەل لىرىكىلىرىدىن ، يالقۇنلۇق ئاھلار بالقىپ تۇرغان ھېسسىياتلىرىدىن ، قۇرلىرى ئۈنچە مارجاندەك تارتىملىق ئىسىل نەسرلىرىدىن ھېس قىلالىدىڭ . ساڭا ئاشۇنداق لەززەتنى ھېس قىلدۇرالىغان شائىرىڭمۇ ئەلۋەتتە ئاجايىپ بەختلىك ئىدى .

لەرزان شامال چېكە چاچلىرىڭنى شۇنداق بىر يەلپۈپ ئۆتتۈ- ۋىدى ، خىيالىڭغا بۇ شامال خۇددى يۈرىكىڭنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ كەلگەندەكلا بىر تۇيغۇ كىرىپ كەلدى .

ئاپئاق بۆجەندەك چىرايلىق ، كۆزلىرى قىپقىزىل ، قۇلاقلى- رى ئىنچىكە بىر كۈلكە شۇ ھامان لەۋلىرىڭدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى .

## 5

شەربەتكە تولغان شېرىن مېۋىلىرىم پەقەت سېنىڭلا ئېغىز تېگىشىڭنى كۈتۈپ ، قويۇق يوپۇرماقلار بىلەن قاپلانغان دىل بېغىمنىڭ دەرۋازىسىدا يولۇڭغا تەلمۈرمەكتە ، ئۇنداق قىلماي كەلگىن جانانىم . بىر ئىلتىپات قىلىپ ساڭا بېغىشلاپ پەرۋىش قىلغان ئۇ مېۋىلىرىمگە ئېغىز تېگىپ بەرگىن ! بەلكىم سېنىڭ مۇبارەك لەۋلىرىڭ تېگىپ قايتىدىن ياشارغان مېۋىلىرىم تېخىمۇ لەززەتكە تولۇپ قەلبىمدىكى ساداقەت ۋە ئۈمىدۋارلىقىمنى ياشار-

تۈەتسە ئەجەب ئەمەس .

گۈللىرىم ساقا ئىنتىلىپ بەس - بەستە پورەكلەپ كەتتى ، ئۇلار خاسىيەتلىك قەدىمىگە ئىچ - ئىچىدىن تەشنا بولۇپ سىنىڭ شەنىڭگە بېغىشلاپ تەييارلىغان ئۇسسۇلنى ئوينىاش ئۈچۈن رەڭدار كىيىملەرنى كىيىپ تەخلەندى ، كۆزلىرى ھاياجان ياشلىرى بىلەن تولۇپ بايا ياغقان يامغۇردىن ھاسىل بولغان سۇئى شەبنەملەرگە ئۆزلىرىنى بىر كۆرستىپ قويدى . ئۇنداق قىلماي گۈلزارلىقىمىغا بىر كېلىپ گۈللىرىمنىڭ ئالقىشلىرىغا جور بولغىن ، ئۇلارنىڭ ساقا بولغان ساداقىتىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلانغىن ! ؟

كېپىنەكلىرىم كېلەر يولۇڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ساقا ئاتاپ ئىشلىگەن خورىنى باشلىۋەتتى ، ئۇلارنىڭ خورىدا ساقا بولغان چەكسىز ئامراقلىق جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ ، ئۇنداق قىلماي كېپىنەكلىرىمنى نائۇمىدتە قويماسلىقا ۋەدە بەرگىن بىر قېتىم !

## 6

ئېھ گۈزەل خانىشىم ، سەن گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھېلىقى بىر جۈپ سېدە دەرىخى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ ؟ ئۇنىڭ تۈۋدە ئولتۇرۇپ ياشانغان ئاتا - ئانىمىزغا ياردەملىشىپ غوزا چولىشىپ بەرگەن كۈز كۈنلىرىدە سەن شۇنچىلىك شوخ ۋە بەختىيار بولۇپ كېتەتتىڭ ، كۆزلىرىڭدىن جۇشقۇن بىر سۆيگۈ نۇرىنى ياغدۇرۇپ ماقا بولغان ئامراقلىقىڭنى دەمبۇدەم ئاشكارىلاپ تۇراتتىڭ ، كۆزلىرىمدە شۇ قېتىم ماكان تۇتقان نۇرلار تېخىچە ئۆز قۇدرىتىنى يوقاتقىنى يوق ، ئۇ يەنىلا شۇنچىلىك تەمكىن ۋە تولىمۇ قۇدرەتلىك...

غوزا ئادالاۋېتىپ قوللىرىمىزنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھالەتتە تېگىشىپ كەتكىنى ، بۇ ئاجايىپ ھادىسىدىن يۈرەكلىرىمىز

جىغىلداپ ، نەپەسلىرىمىز ئىتتىكلىشىپ ، كۆزلىرىمىز نۇرلى-نىپ ، مەڭزلىرىمىز قىزىرىپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟

ئاشۇ قېتىم قوللىرىڭدىن يۇرىكىمگە ئۆتۈپ كەتكەن ھارارەت ھېلىمۇ شۇنچىلىك يالقۇنلۇق ، ئۇ ھەرقاچان مېنى كۆيدۈرۈپ ، ۋۇجۇدۇمنى تاۋلاپ ، قەلبىمگە ئىللىقلىق بېغىشلاپ تۇرىدۇ . لەۋ-لىرىڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ قەلبىمنى ماكان تۇتقان يېقىملىق كۈلكە ماڭا تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ بېرىپ ، تېنىمنى يايرىتىپ ، يولۇمنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ ، بەلكىم سېنىڭ شۇ بەرگەنلىرىڭ ئۆمرۈمدە تاپقان بەختلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مەڭگۈلۈكۈمىكىن دەيمەن…

## 7

قىش ئەمدىلا ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇيقۇسى-نى باشلىماقچى بولۇۋىدى ، باھارنىڭ تىنىقى نورۇزنىڭ يۇمشاق مەڭزىگە ئىللىققىنە ئۇرۇلدى . نورۇز گۈلى ھەممە ياققا ئەتىياز كەلگەنلىكىنى جاكارلاپ نازۇك قوللىرى بىلەن چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋىدى ، ئالەم باشقىچە شادلىققا چۆمۈپ كەتتى…

ئەتراپتىن جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى مەيىن شامال ئۇرۇ-لۇپ يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىدە قۇياشنىڭ مېھرىبان نۇرلىرى سو-رۇن تۈزەپ ئەمدىلا مەشرىپىنى باشلاپ تۇراتتى ، قاياقتىندۇر بىر ئەلچى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ يۇرىكىمگە ئاپئاق بىر تال گۈلسامساق بەرگىنى سانجىپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى . ئۇزاققىچە ئويلىنىپ بۇ نېمە كارامەتتۇر ، نېمىنىڭ بېشارىتىدۇر ، دەپ خىيال سۈرۈپ تۇردۇم . نىھايەت ، ماڭا ھېچقانداق يېڭىلىقتىن خەۋەر بولمىدى .

كۆڭلىرىم يەنىلا بۇرۇنقى غەمسىزلىك ناخشىلىرىمنى ئېيت-تىش ، ھېلىقى كونا خىيالنى سۈرۈپ يۈرۈش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى . «ئاھا ، نېمە بولسا بولمامدۇ» دەپ پەرۋاسىزلىق

ناغرىسىنى چالدىم ئاخىر كۆتۈۋېرىشتىن زېرىكىپ .
قارىسام ئالدىمدا ، يېقىنلا يەردە ئەتىرگۈلدىن تۈزۈلگەن
بەخت قۇياشىنى ماڭا تەڭلەپ ، خۇش تەبەسسۇمۇڭ بىلەن كۆزلى-
رىمگە تەلمۈرۈپ ، لەۋلىرىڭدىن ئالەمچە كۈلكە ياغدۇرۇپ سەن
مەشۇقۇم تۇرۇپسەن ئەمەسمۇ ؟ !

## 8

بىر كۈنى سەن لىققىدە ئانار شەربىتى قۇيۇلغان كۈمۈش
قەدەھنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ ، ئۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا پاك -
پاكىز ئىچىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدىڭ . مەن ئۇنى بىراقلا ئىچىۋې-
تىپ سەن بەخش ئېتىدىغان خۇشاللىقتىن ئاسانلا قۇرۇق قېلىش-
نى خالىمىدىم ـ دە ، ئىچىشنى رەت قىلدىم .
تۈنۈگۈنكى قارا يامغۇردا سەن تىكىپ قويغان سۆيگۈ ئالمىسى
كۆچىتى ئاستىدا يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ، چىلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتقان
يامغۇردىن پاناھلىنىپ تۇراتتىم ، سەن ئالدىمدىن پەرۋاسىز ھالدا
ئۆتۈپ كەتتىڭ ، ئۇستۈېشىڭنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنى بىلەن
ماڭلاي چاچلىرىڭ يۈزۈڭگە چاپلىشىپ سېنى تېخىمۇ مەردانە
كۆرسىتىۋەتكەنىكەن ، بۇنىڭدىن دىلىم باشقىچە سۆيۈنۈشكە چۆ-
مۈپ كەتتى ، ئەمما ئالدىڭغا بېرىپ ، يامغۇردىن بىرلىكتە پاناھلى-
نىپ بىردەم تۇرۇش تەلىپىنى قويالمىغىنىمدىن چەكسىز ئۆكۈن-
دۈم . سەن بولساڭ غالىب قەدەملەر بىلەن مېڭىپ يامغۇرنىڭ
ئاخىرقى چېكىدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىڭ .
بۈگۈن مانا سەن توغرۇلۇق تەگسىز خىياللارغا غەرق بو-
لۇپ ، ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر -
بىرلەپ ئۆتۈپ ئازابلىق ئويلاردا ئۈزۈپ ئولتۇرغىنىمدا يەنە خۇش
پۇراقلىق ئانار شەربىتىنى ئاغزىڭغا لىققىدە ئېلىپ ئالدىمدا زاھىر
بولۇۋاتىسەن ، سەن نېمانچە ئەقىللىق جېنىم ؟ !...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 9

مەن ئۇنى راسا بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان بىر تەشتەكى قارا رەيھانغا ئوخشىتىمەن. كىشىلەرنىڭ نىمىدەپ ئاتىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك ھالدا شۇنداق دەپ ئاتاشقا تولۇق ھوقۇقلۇقمەن، دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئالدىدا ئەڭ ئېسىل ئەتىرلەرنىڭ ھىدىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ھەرقانچە قىممەتلىك گۆھەر تاشلارمۇ ھېچ نەرسە ئەمەس. ھەر سەھەردە ئۇنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلغاندا، بالكونۇم ئالدىدا رەت-رەت كىشىلەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشقاندا مەن چەكسىز بەختىيارلىقتا چۆمىمەن. قەلبىم ئالەمچە شادلىققا تولۇپ كۆزلىرىمدىن تەڭداشسىز ئۈمىدۋارلىق شولىسى تاراملاپ چۈشىدۇ.

ئۇ كەمكۈتىسىزلىك ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، قولتۇقىغا رەت-رەت تىزىلغان ماتېرىيالنى قىستۇرۇپ قومچاقتەك كۆزلىرىنى يولغا تىكىپ ئولتۇرۇشقان بۆجۈنلەرنىڭ ئالدىغا كىرگىنىدە ھەممە ياق قاينام-تاشقىنلىق بايرام تۈسىگە كىرگەندەك بولىدۇ. ناغرا-سۇنايلار ياڭراپ قەلبلەرنىڭ كەڭرى سەھنىسىدە ھەممە ئوخشاش ساماغا چۈشىدۇ، گۈللەر ئۇنىڭ پۇرىقىدىن مەست بولۇپ ئېچىلغان جايىدىلا يىتىپ قېلىشىدۇ.

مېنىڭ قارا رەيھانگۈلۈم جاھاننىڭ ئالدىدىن شۇنداق ئۆتۈپ قالىدىغانلا بولسا ئاسمان بىلەن يەر تەڭلا قەددىنى پۈكۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەخ بولۇشىدۇ.

## 10

ئاۋۇ تەرەپتە ئاپئاق بىلەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قوياشقا سالام بېرىۋاتقان كىمدۇر ئۇ؟ چىرايىدىكى سۈسقىنە قىزىللىق بىلەن

شەپەقنىڭ مەڭزىگە ئەڭلىك ئېتىۋاتقان ئاجايىپ سەنئەتكار زادى كىمدۇر ؟

تەبىئەت قوينىدىكى بارچە جانلىقلارغا خۇش تەبەسسۇم قىلىپ ، ھەر بىر مەۋجۇداتنىڭ قەلبىدىكى غەشلىك تۇمانىنى سۈرتۇۋاي قىلىۋاتقان قۇدرەت ئىگىسى كىم بولغىيدى ؟ ئۇنىڭ قولىدىكى خىسلەتلىك ئۈزۈكتىن يالتىراپ چىقىۋاتقىنى قايسى كارامەتنىڭ ئىزناسىدۇر ؟

بىر كېچىدىلا ھەممە ياقنى رەڭدار گۈللەرگە پۈركەپ ، بارچە كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن ساخاۋەتلىك ئالىقانلىرى بىلەن كىشى ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ئېسىل ئىمارەتلەرنى سېلىۋەتكەن قانداق ئۇلۇغ كەشپىياتچىدۇر ؟

شادىمانلىق تۇيغۇلىرىغا توختىماي قار ياغدۇرۇپ ئەتراپنى مىسكىنلىك تورىغا ئىلىندۇرۇپ قويۇپ ئۆزىنىڭ خاس تەختىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان قايسى مۆجىزىكاردۇر ؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ياق گۈللەرگە پۈركىنىپ ، باھار قىزلىرى توختىماي ئۇسسۇل ئويناپ كائىناتنى خۇشاللىق قاپلاپ كەتسە زادى نېمىشقا بولمايدىغاندۇر ؟

ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تۇيغۇلارغا تۇتقۇن بولغان بۇ بىچارە يۈرەكنى ئازادە مۇھىتقا ئېلىپ چىقماق ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ۋاپادارىم زادى كىمدۇر ؟

## 11

ئەگەر ، سۆيگۈڭنى ماڭا تەئەللۇق دەپ ئويلىساڭ ، قېنى مەرھەمەت قىلىپ قەلب ئۆيۈمگە كىرىۋەرگىن ، سەن ئۈچۈن ئىشىكىم ھەر زامان داغدام ئوچۇق . گۈللىرىمنى قىسىشنى خالايدىغانلا بولساڭ ھەرگىز ئىككى خىيالدا بولماي خالىغىنىڭنى ئۈزىۋەرگىن ، چۈنكى ئۇ سەن ئۈچۈنلا پورەكلىگەن .

ئاخشاملىرى تولۇن ئاي ئۆرلىگەن مەھەللىدە سەن ھەرگىز مۆكۈلىنىپ قالمىغىن ، چۈنكى دەل شۇ چاغدا مەن ساڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بولىمەن ، سۆيگۈم كۆللىرىدىكى بېلىقلارمۇ ساڭا تەلمۈرۈپ ئۈزاقتىن ـ ئۈزاق پىلتىلىك ئاتىدۇ.

ھەسەل ھەرىلىرىم سەن ئۈچۈن جەۋھەر يىغماق بولۇپ تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈللەر ئۈستىدە گىڭشىلداپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ يىڭنە ئۇچىدەك كۆزلىرى تىنىمسىزلىق بىلەن يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ساڭا تېخىمۇ شېرىنلىك بېغىشلاشنىڭ تەرەددۇتىگە چۈشۈپ كەتتى .

ئەگەر ، ماڭا سۆيگۈڭنى ھەقىقىي تۈردە ئاتىغانلا بولساڭ قەلبىڭدىكى بارلىق غەملەرنى ئارقاڭغا چۆرۈۋەت ، چۈنكى مەن سېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھەممە دىشۋارچىلىقلارنى تارتىشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويدۇم ، كۆزلىرىم يولۇڭغا تەلمۈرگىلى نەۋاق ، سەن مۆكۈلۈق دەقىقىلەرنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋېتىپ خۇشال ھالدا ئالدىڭغا باق .

ئەگەر ، سۆيگۈڭنى ماڭا تەئەللۇق دەپلا ئويلىساڭ ئىككىلەنمەي باغرىڭنى باغرىمغا ياق !...

## 12

ئېيتىپ باققىنە گۈزەل شېئىرلىرىم ، سەن گۈللەر ھەمىشە پورەكلەپ تۇرىدىغان غايەت زور پارنىكتىمۇ ياكى كۆز يەتمەس دالىدىكى خۇش ھاۋالىق يانباغرىدىمۇ ؟ سېنىڭ ئالتۇن قاناتلىق مىسرالىرىڭ باغچىلەردىكى بازغىپ تۇرغان توز مەلىكىنىڭ گۈلدار قۇيرۇقلىرىدىمۇ ياكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاپ چىقارغان توختاۋسىز كۈي ـ ناۋالىرىدىمۇ ؟

— ئەمەس ، ئەمەس ، — دەپ ئىنكار قىلدى شېئىرلىرىم تەئەججۈپ بىلەن .

سىنىڭ پۇراقلىرىڭ، ئۇرغۇلىرىڭ مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئەنجۇر سايىسىدە يانپاشلاپ يېتىپ كۆزلىرىنى ئاپئاق بۇلۇتلارغا تىكىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانمۇ ياكى ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ كىچىك كۆپۈكچىلەرنى هاسىل قىلىپ بۇژغۇن چېچىشلىرىدىن زوقلىنىۋاتامدۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى شېئىرلىرىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

ئەمىسە، سەن يارىمىنىڭ پىچىرلاپ تۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇپ ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈسىگە مەڭگۈلۈك تىلەۋاتقان يۇمران لەۋلىرىدە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتامسەن.

— هەئە، توغرا، دەل شۇنداق، — دېدى شېئىرلىرىم خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

## 13

تېخى تاڭ سۈزۈلمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە تېۋىنىپ تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن سېنى.

شەرق تەرەپ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە سېنىڭ سۈتتەك يۈزۈڭدىكى قارا چېكىتتەك كۆزلىرىڭ ئاستا-ئاستا ئېچىلىدۇ-دە، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىنى ئويلاپ بوشقىنە كۈلۈپ قويىدۇ. بىردەم ئويلىنىپ، تولغىنىپ ياتىسەن-دە، قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرىنىڭ كىرپىكلىرىڭگە ئاستا چاقچاق قىلىشىدىن ئۇيىلىپ ئاپئاق يوتقىنىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىسەن.

ھەممە ئىش يەنە يېڭىۋاشتىن باشلىنىدۇ، سېنىڭ تىنىمسىز مېهنىتىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىمۇ ئىزىڭنىڭ گۈللىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاستى-ئۈستى قەۋەتلەرنى يۇمشاق قوللىرىڭدا ئاۋايلاپ سۈرتۈپ چىقىسەن. بارماقلىرىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارىسى ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلى كىچىك زەخمە يېگەندە بىر ئاباد-
چاق ئەندىكىپ قويىسەن ـ دە ، يەنە ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرىسەن.
قۇياش تىكلەنگەن چاغدا ھەممە ئىشلارنى ئىزغا سېلىنىپ
بولغان بولىسەن ۋە ئاشۇ قۇياشنىڭ غۇبارسىز نۇرلىرىدەك يېقىم-
لىق شۇلا تارقىتىپ شەرەپ مۇنبىرىدە ھازىر بولىسەن.
سەن قۇياش بىلەن ئەنە شۇنداق بەسلىشىپ يۈرگەن غالىب
قۇياشسەن ، كۆكۈللەرگە نۇر بەرگۈچى ئالىب قۇياشسەن ! ؟...

## 14

ئىككى تەرەپتىكى ساھىلدا تۇرۇپ سۆيگۈ قولۋاقلىرىمىزنىڭ
تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى كۈتىمىز. سەن ئۇ ياقتا ، مەن بۇياقتا
تۇرساقمۇ مەنۋىيىتىمىز ئالىلىقاچان بىرلىشىپ كەتكەن ، ئەمما
گۈللىرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تەلمۈرۈپ تۇرسىمۇ ، ئۇلارنىڭ
ھىدىنى پەقەت ھىدلىيالمايمىز.
شۇنداق بولسىمۇ كېچە ـ كۈندۈزگە تەشنا بولغان كەبى سەن
جىگىرىم ماڭا ئىنتىلىپ ئۇ قىرغاقتا تۇرسەن ۋە چەكسىز ئازاب
ۋە زارىقىش بىلەن يۇغۇرۇلغان ناخشاڭنى ئېيتىپ ماڭا بولغان
ساداقىتىڭنى ئىزھار قىلىسەن.
مەن بۇ تەرەپتە تۇرۇپ قەلب دولقۇنلىرىمنى سەن ياققا
ئەۋەتىمەن ، ئۇنىڭغا ئايرىلىش مىنۇتلىرىدىكى ئېغىر ھىجران
ئازابى سىڭىپ كەتكەن ، نىدالىرىدىن ئالەمنى ھەس ـ ھەيران
قالدۇرغۇدەك زۇلمەت ئاھاڭى بالقىپ تۇرىدۇ ، قەدەملىرى شۇن-
چىلىك قوپال ۋە تولىمۇ ئېغىر...
بىردەمدىن كېيىن سېنىڭ جاۋابەن دولقۇنلىرىڭ مەن تەرەپ-
كە ئۈزۈپ كېلىدۇ ، كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان ، چىرايلىق
مەڭزلىرى سارغايغان ھالدا سېنىڭ تارتنىۋاتقان كۆلپەتلىرىڭ
ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ھېكايە قىلىدۇ.

مەن جىمجىت قىرغاقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىخلا-سىم بىلەن زەن سالىمەن.

ئىككى تەرەپتىكى ساھىل ئارقىلىق بۇ رەھىمسىز ئىقىن سۆيگۈلۈك قەلبىمىزنى ئەنە شۇنداق ئايرىپ تۇرىدۇ...

## 15

سەن ئۇ يەردە قەلبىڭنى ئاپئاشكارا قىلىپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۇيۇپ چىقىسەن، قاتلىرىغا ئورنىشىۋالغان كىرلەرنى چىرايلىق بارماقلىرىڭ بىلەن ئادالاپ ئۇنىڭغا يېڭى ئىدىيىلەرنى قاچىلاشقا تەييارلىق قىلىسەن.

قەلبىڭنىڭ ھەر بىر قاتلىمى سەن قوبۇل قىلغان پاكىز روھ ۋە جۇشقۇن ئىدىيىۋى ھالەتلەرنى ئۆزىگە جەملەپ، خۇددى پەرىشتىلەر تەڭرىنىڭ قوللىرى بىلەن ئۆزلىرىگە سۇنۇشقان ھەدىيەلەرنى تۇجۇپلەپ تەكچىلەرگە تىزىپ چىققاندەك ئالدىرىماي تىزىپ چىقىدۇ.

سەن ئۇ يەردە ئاۋايلاپ زوڭ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىڭنى يېڭى نۇرلار بىلەن تويۇندۇرۇپ چىقىسەن. ئۇنىڭ ھەر بىر تالاسى شۇنچىلىك نۇرلۇق ۋە تولىمۇ نازاكەتلىك بولۇپ، ئاستا سىرغىپ چۇشۇپ قەلبىڭنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىرلەشكەندىن كېيىن ئالەمدە چوقۇم ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بېرىدۇ. ئۇ، سەن پەرىشتەمنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سوۋغىسى...

سەن ئۇ يەردە ئۇزاق ئىبادەت قىلىپ ئالەمگە باشقىدىن ئايرىدە بولماقنى ئىزدەيسەن. قەلبىڭ باشقىچە نۇرلىنىپ يوللىرىڭ داغداملىشىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىر چوقۇم تىلىكىڭگە يېتىسەن!...

## 16

كىم بىلىدۇ ئاشۇ پاراغەتنىڭ قايناق رەستىلىرى بۇلغىنىپ ئەتراپ قان رەڭگىدە لۇغۇلدىغان ئىغىر دەملەردە نىمە ئىشلارنىڭ روي بەرگىنىنى؟

كۆز ياشلار بۇلاققا ئايلىنىپ، دەل ـ دەرەخلەر سۇكۇتكە چۆمۈپ، بۇلۇتلارنىڭ ھەسرەتلىك ياش تۆككىنى بەلكىم يادىڭدىدۇر؟! گۇگۇم پەيتى ئىدى، بىر ئاچچىق شۇئۇرغان بىلەن خۇشاللىق گۈللىرىڭ سولىشىپ، دىل بىغىڭدىكى مىۋىلەر تۆكمە بولۇپ كەتتى. تومۇرلىرىڭ قانىنىڭ قىزىللىقىدا كۈۋەجەپ، ئاھۇ نىدالىرىڭ كۆكنى قۇچتى. سەن ئىغىر گەۋدەمگە تاشلىنىپ جانىنى ئۇنتۇغان ھالدا يىغلاپ كەتتىڭ. نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي خۇددى قەھرىتاندا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن يىتىم بالىدەك ھالەتكە كىلىپ قالدىم.

يولدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان غۇۋا چىراغلىق تاكسىلار، بوش شىۋىرلاپ نەغمە قىلىۋاتقان غىرىب قارىياغاچلار، ئاجىز نالە قىلىۋاتقان چىكەتكىلەر ساڭا ھىچبىر تەسكىن بولالمىدى.

يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان شادىيانە كۈي سىنىڭ ئىغىر ئۆھلىرىڭغا قوشۇلۇپ بىر تەسىرلىك ئوركىستىر شەكىللەندۇردى ـ دە، مىنىمۇ ئۆز قوينىڭغا تارتىپ كەتتى.

تۇگىمەس مۇڭلارنىڭ ئىلكىدە پۇچىلىنىپ يۇرۇپ ئاخىر ئازاب دىڭىزىغا بىرلىكتە غەرق بولۇپ كەتتۇق.

## 17

يامغۇرلۇق گۇگۇم قوينىدىكى مىسكىن بۇلۇتتەك سۇرۇلۇپ ئاستا ـ ئاستا مەندىن يىراقلىدىڭ ـ دە، ئۇ تەرەپكە كەتتىڭ. كەينىڭدىن كۆزۈمنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ

بىچارە ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ قالدىم. ئۆكۈنۈش، پۇشايمان بىلەن ھىجران قوشۇلۇپ جېنىمنى قورۇپ كىچىككىنە قۇشقا ئايلاندۇ-رۇپ قويدى.

بۇ قۇش توختىماي ناۋا قىلىپ سېنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن دۇنيا-دىكى ئەڭ نادىر مۇزىكىلارنى ئورۇندايتتى. قاناتلىرىنى يېنىك سىلكىپ دىماغلىرىڭغا خۇش پۇراق ھاۋانى ئۇرۇش ئۈچۈن ھەرد-كەت قىلاتتى، تىنىقلىرى بىلەن كۆزلىرىڭدىن ساقىپ چۈشكەن ھەسرەتلىك ياشلىرىڭنى قۇرۇتماق بولاتتى.

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدىن ھاسىل بولغان كىچىك قا-ناتلىرىدىكى جۇلادىن ساڭا ئاتاپ چىلتەك توقۇيتتى. ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق غېرىبلىقتا تاشلىنىپ قېلىشىدىكى سىر-نىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى.

«ئەجەبا، بۇرۇنقى سوۋغىلىرىم ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر ئەھمىيەتلىك نەرسە يوقمىدۇر، ھەممە نەرسە پەقەت مېنىڭ ئەبەدىيلىك نالە - پەريادىم بىلەن بىزەلگەن كۆڭۈل قۇتام-دەك ئەتىۋارسىزلىق چۆلىگە تاشلىنارمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

يامغۇردىن كېيىنكى سۇرگۈن بۇلۇتلار سېنىڭ مۇڭلۇق چىد-رايىڭنى ئەسلىتەتتى.

## 18

خۇشلىنىش پەيتىمىزدىكى قىممەتلىك ۋاقىتلار ھېلىغىچە ئېسىمدە ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ. تېز ئۆتكەن ۋاقىت ھارۋىسىدا قېد-قىلىپ - چايقىلىپ ئەجەب قىينالغان ئىدۇق - ھە؟! سەن شۇ چاغدا ئالدىمغا بىر دەستە ئۈمىدنى تىزىپ قويۇپ، بىلىندۇرمەي قەلبىم تەكپىسىدە ئېچىلدۇرماقنى نىيەت قىلغانمىدىڭ؟

خانەمگە كۆرۈنمەس سېيمايىڭنى قالدۇرۇپ قويۇپ، مېنىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ھازىرلاپ

قويغانمىدىڭ ـ يا ؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا ئالەمنى تەقدىم قىلغىنىڭنى ئەمدى چۈشەندىم ، چۈنكى سەن مېنىڭ غېمىمنى خېلى بۇرۇندىنلا يەپ يۈرگەنىكەنسەن ، بولمىسا يېنىمغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىش قانداقمۇ ئېسىڭگە كەلسۇن ئەقىللىقىم ؟

ۋىدالىششى پەيتىدىكى يېنىك قول سىلكىشىڭ ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرۇۋېتىۇ ، سەن ئۇ يەردە تۇرۇپ مېنىڭ ئازابتىن تولغانغان ھالىتىمگە قاراپ ئەجەب قىينالغانىدىڭ ـ ھە ؟ ئاشۇ ھالىتىدە مەڭگۇ قېتىپ تۇرۇپ مېنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىسۇن ، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈڭگە سۆيگۈمىز نامىدىن ئەھدە قىلغانمىدىڭ ـ يا ؟ !

بارى ـ يوقۇم ئۆزۈڭ سەن ، ئەي ئالتۇن كىرپىكلىك تەنھا يۇلتۇزۇم…

## 19

ئوتلۇق لىرىكىلارنى ئوقۇپ ، سۆيگۈنىڭ رەڭدار گۈلچەمبىرىكىدىن ئۆزىگە بېزەك تاقاپ ، شادمانلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يۈرگەن قاپقارا كۆزلىرىڭ مەن بىلەن زېرىكمەستىن پىچىرلىشىپ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق قۇچىقىدىكى ھەشەمەتلىك سۈكۈناتلار توغرىسىدا توختىماي قەسىدە توقۇيدۇ .

كۆڭۈل جامىمغا لىققىدە شەربەت قاچىلاقلىق ، ئۇنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئۆتەر يولۇڭدا سەھەردىن بۇيان ساقلاپ تۇرماقتىمەن . ئۇنىڭ شىرنىسىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىنى خالىماي ، جېنىمدىن سۇغۇرۇپ توقۇپ چىققان مەشۇت قولياغلىقىم بىلەن ئەتراپىنى توسۇپ تۇرماقتىمەن . ھالبۇكى ، سەن ئىشلىرىڭنى تۈگىتىشكە ئىمكان تاپالماي تا ھازىرغىچە يېتىپ كەلمەيۋاتىسەن .

كۆز ياشلىرىمدىن سانسىزلىغان مەرۋايىتلارنى ياساپ ، يوللىرىڭغا چاچقۇ قىلىپ چېچىپ قويدۇم . قاچان بۇ يەردىن ئۆتۈپ

ئۇمىدىمنى قاناتلاندۇرۇپ مېنى شادىمانلىق بېغىغا باشلاپ باراركىن، دەپ تەلمۈرمەكتىمەن.

ئەپسۇسكى، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلغان قىزىق ۋە يالقۇنلۇق لەۋلىرىڭ مەن بىلەن بىرەردەم مۇڭدىشىپ كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىشنى، ئالدىڭغا ئېلىپ چىققان سوۋغاتلىرىمنى بىر قېتىم بولسىمۇ تېتىپ بېقىشنى ئەسلا خالىمايدۇ.

## 20

ھەي سەۋرسىز ئىنتىلىشلەر، ۋىسالنىڭ قاغجىراق كۆكىدە پەرۋاز قىلىشلار، ھېسسىياتنىڭ ئەركىن قاناتلىرىغا مىنىپ خىيالىي دۇنيا قوينىغا شۇڭغۇپ كىرىشلەر، رومانتىك كۈيلەرنىڭ يۈكسەكلىكىدە ئۆز قىممىتىنى تېپىشلار. سىلەر جېنىمنىڭ پەرۋاز ئىلكىدىكى غۇرۇر يەلكىنىنى ئېچىپ ئۆزى تەلمۈرگەن مەشۇقى تەرەپكە ئۇزۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟!

ھەي، تاقەتلەرنىڭ مىسكىن تۇمانى، گۈللەرنىڭ ھىدى بىلەن مەستخۇشلۇقنىڭ چەكسىزلىكىگە سىڭىپ كېتىشلەر، يامغۇرنىڭ ئاداققى تامچىسى كەبى تۇيغۇلارنىڭ ئارمان بولۇپ پارلىنىشلىرى. سىلەر قېنىمنىڭ دەۋرەشلىرى ئىلكىدىكى چاقماقلار قوينىدا يالىڭاچلىنىپ ئۆز مەشۇقىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟!

ھەي، ئالەملەرنىڭ پەرىشكارلىرى، سۇلارنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرىغا مىنگەشكەن شاۋقۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالەشلىرى، گۈگۈم قوينىدىكى ئەمانىڭ ھاسا تايىقىدا ئەكس ئەتكەن ھەقىقەتنىڭ قۇدرەتلىك پارلاشلىرى. سىلەر روھىمنىڭ تاغلاردىن ھالقىپ، دېڭىزلارنى كېچىپ، چۆللۈكلەردە ئىزلار قالدۇرۇپ قەلبىدىكى تەڭداشسىز مەشۇقىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟! كۆللەرگە دەپنە قىلىنغان مەڭگۈلۈك

www.uyghurkitap.com

ئىزدەشلەرنى يىولۇقتۇرغانمىدىڭلار؟ ئۇلارغا سەجدە قىلغان-مىدىڭلار!؟

## 21

سۇبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ئالتۇن رەڭ ئۇپۇقنى قەدەھ قىلىپ، غەملەردىن خالىي بولغان قۇياش قىزىنىڭ سۇزۇك لەۋ-لىرىدىن يالقۇنلۇق شارابلارنى ئىچىمەن. قۇم دانچىلىرى ئارىسى-دىن سىنىڭ سىخىيلىق مەرۋايىتلىرىڭنى ئايرىپ چىقىپ چۇش-لەرنىڭ شىرىن سۈيىگە تولغان سەدەپ كۆكسىگە ئېسىپ قويىمەن. گۈلسۈرۈخنىڭ لەۋلىرىدىكى تارتىملىق رەڭلەرنى ئارىيەت-كە ئېلىپ ئوتقاش مەڭزىڭدىكى يارىشىملىق خالىڭغا ئاستا سۈر-كەپ قويىمەن.

قىرولۇق سەھەرلەردىكى هارغىن چۇشلەرنى سىنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن يۇيۇپ چىقىپ، سىكىلەكلىرىڭ ئارىسىغا مونچاق ئېسىپ قويىمەن، ئەتىرلەردىن تۇمارچە ياساپ ئاق بۇلۇتتەك كۆكرىكىڭ ئۈستىدە جۇلالاپ تۇرىدىغان چىرايلىق بۇلاپكا قىلىپ قويىمەن.

هىلال ئاينى تەڭرىدىن تىلەپ ئېلىپ يارىشىملىق قۇلاقلى-رىڭغا چىرايلىق هالقا قىلىپ ئېسىپ قويىمەن ــ دە، سىنىڭ شادلىق بايرىمىڭغا جور بولۇپ بىر چەتتە چاۋاك چېلىپ ئولتۇرى-مەن.

مەن تەقدىم قىلغان بارلىق خۇشاللىقلار ئىچىدىن بىرى كۆڭلۈڭگە يېقىپ قالسا، ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار ئادەم دەپ پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن داۋراڭ سالىمەن.

## 22

ئاداققى كۆز ياشلىرىمنمۇ ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتتى، نېمىشقا تېخىچە يولغا چىقمايسەن ئامرىقىم. دىدارلىنىش پەيتىمىز خۇددى يامغۇر پەسلىدىكى قويۇق بۇلۇتلار پەسلەپ كەلگەندەك بىزگە يېقىنلاشماقتا، شامالنىڭ بوشقىنە يەلپۈنۈشىدىن سېنىڭ خۇش پۇراق ھىدىڭنى پۇرىغاندەك بولۇۋاتىمەن. نېمىشقا تېخىچە يولغا چىقمايسەن كۆز نۇرۇم؟!

نەپەسلىرىم ئىتتىكلىشىپ، دىماغلىرىم قۇرغاقلىشىپ، ئاپ-تاپتا ئېچىرقىغان چۆللۈكتەك بولۇپ كەتتى، ساغا ئاتاپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرۇممۇ گويا ھالىدىن كەتكەن قېرى توغراق يىلتىزىدەك قۇرۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك ھالغا كېلىپ قالدى. ۋاي تېخىچە يولغا چىقماي، غەمسىزلىك ناخشاڭنى ئېيتىپ قەلبىڭنى باشقا مەلىكىلەردىن شادلاندۇرۇۋاتامسەن جىگىرىم؟!

تېنىم سوۋۇشقا باشلىدى، ۋۇجۇدۇمدا ھارارەت دېگەن نەر-سىدىن زەررىچىلىكمۇ قالمىدى. ھەممە يەر ئوخشاشلا سوغۇق ئېقىم بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. سەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراي دېسەممۇ مىدىر - سىدىر قىلالمايمەن، نېمىشقا تېخىچە يولغا چىقمايسەن ئوماق پەرىشتەم؟! ياكى مېنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر ئازابقا تۇتقۇن بولۇشۇمدىن ئۆزۈڭگە ھۇزۇر ئىزدەۋاتامسەن؟ بوپ-تۇ، شۇنداق قىلىش ئىختىيارىڭ بولسا...

## 23

سېنىڭ تەرىپىڭ ئاشۇ چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاش چىن ۋە چوڭقۇر مەنىلەرگە تولغان بىر پارلاق گۈزەل زېمىنغۇ؟ ئۇ ياشىرىپ تۇرغان تۈت قولاقلاردەك ياۋاش ۋە سارغىيىپ توقاچ

سالغان ئاپتاپپەرەسلىكتەك جۇشقۇن كۈيگە ئىگە مەردانىلىكقۇ ؟ سېنىڭ ئالىمىڭ جاھاننىڭ نەپەسلىرىگە ئەگىشىپ ھەيكەللىنى-دۇ ، سۇلارنىڭ كۆۋەجەشلىرىدىن ئەنداز ئالىدۇ ، سەن پارلىق سۈنئىيلىكتىن مۇستەسنا بىر پارچە گۈزەل جىمجىتلىق .

ئىككىمىزنىڭ ھەمسەپەرلىك ۋاقتىمىزدا سەن ئاجايىپ گۈزەل لاتاپىتىڭ بىلەن مېنى ئەسىر قىلاتتىڭ ، پۇت - قوللىرىڭنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق چەبدەس ، تىنىقلىرىڭ شۇنچىلىك ئىللىق ئىدى . ھەر بىر ھەرىكىتىڭ ھاياتىڭنىڭ مەڭگۈلۈك ناخشىسىغا كۈيلەر قېتىپ ئەتراپىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتاتتى . مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمۇ سېنىڭ يېقىملىق تاۋۇشلىرىڭدىن ۋە ئۇماق جىلمىيىشىڭدىن ھاياتىي كۈچىنى تاپاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىچە پۇراقتا ئىگە بىر كۈينى ئىجاد قىلاتتى - دە ، پىچىرلاپ تۇرۇپ سېنىڭ قەلبىڭگە ئاستا قۇيۇۋېتەتتى .

ئەمدى بولسىمۇ شۇنداق جىلۋەڭ بىلەن مېنى بىر رەت ئوۋلىساڭچۇ قەدىرلىكىم ! ئەستايىدىل سۆيۈپ ۋە مېھىرلىك ئەركىلىتىشىڭ بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ مېنى بوۋاقلىقىمغا قايتۇرۇپ كەلسەڭچۇ ! ؟ ئۇنتالماسلىق ئۇرۇقىنى قەلبىمگە سالساڭچۇ ؟ !

## 24

مۇمكىن ئەمەس ؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، سېنىڭ ھاياتلىق دەرىخىڭنىڭ ئۇ يەردە قۇرۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن ، ياق ھەرگىز...

چۈشلىرىمنى ھارۋىسىغا لىق قاچىلىغان كېچىلىرىم سەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ، يوللاردىكى قاراقچىلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى . يوللار رەھىمسىز ، ۋاقىتلار پەرۋاسىز ئىدى . چۈشلىرىم سېنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن تۇنجى دەقىقىلەردى-

كى ئاجايىپ شېرىن سېزىملەرنى ئويلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى . كېچىلىرىم جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ ، ھارۋىسىنى تاراقشىتىپ سۆرىگىنىچە سېنىڭ ئالتۇن تەختىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ، سەن ئۇ يەردە تېخىچە ئۆزۈڭنى ئۇنتۇغان ھالدا بەزمە - باراۋەت قىلىۋاتقانىكەنسەن .

بىز كېچىلەردىكى ئاشۇ شىجائەتتىن سۆيۈنۈپ يەلكىمىزگە بېشىمىزنى قويۇشقىنىمىزچە ئۇخلاپ قېلىشتۇق ، قاشالارغا ياماشقان گۈللىرىمىزمۇ يولىمىزغا قارىغان ھالدا مۈگدەپ قېلىشقانىكەن ، سەن ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلغان ھىدىدىن ئاستا - ئاستا ئويغاندىڭ - دە ، بىھۇدە ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىڭدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ كەتتىڭ .

كېچىلىرىم سېنىڭ مەشغۇلاتىڭ بىلەن بېزەلگەن شېرىن چۈشلەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ سەن چۆككەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار سۈكۈناتتەك جەزبىلىككە ئىگە بولدى .

## 25

ئاپتاپنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىغا پۈركىنىپ ئاشۇ يەردە سېنى كۈتۈپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ، سېنىڭ ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ ، پەقەت ۋاقىتلا ئەڭ قۇدرەتلىك ، دېگەنلىرىڭ ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈش مېنىڭ قەلبىمنى ھەممىدىن بەك ئاۋۇندۇرىدۇ .

يوللار تېپىلغاق ، بۇلۇتلار يىغلىغاق بولسىمۇ يەنىلا سېنىڭ ئاپتاپلىرىڭ ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ . گۈللەرنىڭ كۆزىدىكى ئاخىرقى ياشلارنى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق قوللىرى بىلەن پاك - پاكىز سۈرتۈپ ، تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋېتىدۇ .

سەھەر پەيتى ئۆتۈپ مانا چۈشمۇ ئالدىراپ يېتىپ كەلدى . سەن قايسى بۇلۇت تۇرگۈنى ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدىڭ ئامرى-

قىم . يامغۇرلارنىڭ تانابىنى تارتىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالغاندەك تۇرامدۇ ، نېمە ؟

مېنى ناخشا ئېيتىشقا ئۈندەپ مەڭزىمنى يېنىك چىمدىپ قويغان ئاشۇ ۋاقىتنى ئويلاپ ھېلىقى يەردە يوللىرىڭغا تىكىلىپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مەنىلىك ۋە قىممەتلىك ئەركەم .

سەن مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ، سەن قەلبىمدىكى ئەڭ مۇكەممەل ئادەم ، دېگەنلىرىڭنى يادلاپ ئاشۇ يەردە يوللىرىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرۇشلا مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ۋە ئەڭ ئۇلۇغۋار كۈتۈش . تەسەۋۋۇر قىلالامسەن بۇنى قارا كۆزلۈكۈم ! ؟

## 26

پەرۋازلارنىڭ بەرقىدە ساڭا تېۋىنىپ ، ساڭا چوقۇنۇپ ، ساڭا باش قويۇپ ئولتۇرغىنىمنى ئويلاپ يېتەلەمسەن ؟

خىياللارنىڭ تۈگۈنى بولۇپ ، پىكرىمنى ئەڭ مۇرەككەپ ئۆرۈشلىرىنى ئاجايىپ سىرلىق مۆئەممالىرىڭ بىلەن يېشىپ چىققان ۋاقتىڭدا ساڭا بولغان قايىللىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى . ئەقىل-پاراستىڭنىڭ چېكىگە يېتىپ ، كۆزلىرىمنىڭ چوڭقۇرىدا سولماس ھەيكىلىڭنىڭ سىيماسى نامايان بولغىنىدا ئۆزۈم ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلار قەلبىم ئۇپۇقىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى...

خۇددى كۈز بۇلۇتلىرىدەك سۈكۈتلىرىمنىڭ پەرۋازىغا باش قويۇپ ، ساڭا سېغىنىشلىق نىدالىرىمنى يوللايمەن ، ئۇنىڭ ئەكسىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەبەدىيلىك ھالاكىتىمنى كۆرگەندەك بولۇپ ، ئۈمىدۋارلىق شولىلىرىڭدىن مەقبەرەمنى بېزەپ چىقىمەن .

ئاھ ! قەلبىم سەتھىدىكى ئەبەدىيلىك قۇياشىم ، پارلاقلىقىڭ بىلەن نۇرلىرىمنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۈچلەندۈرگىنىڭدە ساڭا

ئالەمچە رازىمەنلىكىم بىلەن تىنىماي ھەشقاللا - رەھمەت ئوقۇيمەن… چۈنكى ، سەن تەڭدىشى يوق كۆچ - قۇدرىتىڭ بىلەن مېنىڭ نۇرلىرىمنى ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك قوشۇۋالدىڭ !… مەن تەقۋادار زاھىتىڭنى ئۆزۈڭنىڭ خاس ئىبتىكاپخاناڭدا ئىبادەتكە ئويۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىشىنى قەلبىڭنىڭ ئالتۇن تەختىگە يېزىپ چىقتىڭ…

ئاھ ۋاپادارىم ، سەن ئۆز ۋاقتىدا ئىيتقان قەلبىڭدىكى ئەڭ مۇكەممەل ئادەمنى تولۇق چۈشەندىڭمۇ ؟ ئىنسانىيلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىدە ئۇنىڭ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ، سەن ھەقتىكى تەلىماتلارنى روياپقا چىقارغىنىنى ئېتىراپ قىلدىڭمۇ ؟

دىلىڭدىكى چىركىن ھېسلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ، ئىزگۈلۈك ۋە مېھرىبانلىقىڭنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا تۇتۇندۇڭمۇ ! ؟

ئاھ ، پەرۋازلار كۆكىدىكى مۇڭلۇق سىردىشىم !…

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاينۇر ئابدۇرېھىم

# قەلبىمگە تۇتاشقان يول

## مۇقەددىمە

سەن ماڭا مۇھەببەت مەكتۇپى ئەۋەتىپسەن . مارجاندەك تىزىلغان خەتلىرىڭدىن زوقلىنىپ قەلبىمدە ساڭا نىسبەتەن ئاجايىپ سېھىرلىك مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ قەلبىم تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەنىدى . كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلىغان ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچە ، ماڭا سۇنۇلغان مۇھەببەت مەكتۇپىڭنىڭ ئەسلىدە بىراۋنىڭ ساڭا سۇنغان كۆڭۈل سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ شۇنداق ئازابلاندىمكى ، ئۆز قولۇڭ ئارقىلىق ئېتىلغان ئازابلىق ئوققا زىنھار بەرداشلىق بېرەلمىدىم .

* * *

يامغۇرلۇق كېچە ، ھەر ئىككىمىز يۈگۈرگىنىمىزچە لەمپە ئاستىدا يامغۇردىن پاناھلاندۇق . سومكامدىن قولياغلىقىمنى چىقىرىپ ئۈستۋاشلىرىمنى سۈرتتۈم . ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىمنى كەينىمگە يايدىم . شۇ چاغدا كۆزلىرىم ساڭا تاشلىنىپ قالدى . سەن مېنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ماڭا تىكىلىپ قالغانىدىڭ . مەن ئەيمىنىپ ئالدىمغا چۈشۈپ قالغان بىرقانچە تال چېچىمنى بارماقلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ يەرگە قارىۋالدىم . يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى . تومۇز ئىسسىقلارغا بەرداش-

لىق بەرگىنىم بىلەن سوغۇققا چىدىمايتتىم . بۈگۈن بىرەر يېپىنـ-
چا ئېلىۋالمىغىنىمغا ئىچىمدە ئۆزۈمگە شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى .
سوغۇقتىن بەدىنىم تىترەپ كېتىۋاتاتتى . يېنىمدا تۇرغان سەندىن
ئەيمىنىپ كاسىلداپ كېتىۋاتقان چىشلىرىمنى زورغا بېسىپ تۇ-
راتتىم .

— بۇنى يېپىنچاقلىۋېلىڭ ، — سەن ئاستا ئاۋايلاپ كاستۇ-
مىڭنى نازۇك بەدىنىمگە يېپىنچاقلاپ قويدۇڭ . ئىسسىق ھارارەت
بىر دەمدىلا بەدىنىمگە تارقالدى . مەن ئاستىرتىن چىرايىڭغا قارىد-
دىم . سەن شۇنداق سالاپەتلىك ، جەلپكار ئىدىڭ . بىر جۈپ
قاپقارا كۆزۈڭ چاقناپ تۇراتتى . مەن ئىچىمدە توختىماي يامغۇر
يېغىشىنى تىلەيتتىم . ئەمما ، قېرىشقاندەك يامغۇر بىردەم يېغىپ
توختاپ قالدى . ھەر ئىككىمىز تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەش بىلەن
ئىككى تەرەپكە ئايرىلدۇق .

شۇ كۈنى كېچە پەقەت ئۇخلىيالمىدىم . قەلبىمنىڭ نازۇك
يەرلىرىدە شېرىن بىر ھېسسىيات ئېقىپ يۈرمەكتە . ئاددىي يې-
پىنچا ، تاتلىق كۈلۈمسىرەشتىن تۇغۇلغان ھەر خىل سوئاللار
مېنى قىينىماقتا . دېرىزىدىن سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە قارىدىم .
يىراقتىكى تاغلار ئۇستىدە ئاي ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى ، ئوتلۇق ھېس-
سىياتىمنى قوزغايتتى . ئاھ ! ئاشۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەشكە ئوتلۇق
سۆيگۈ قېتىلغان بولسا ـ ھە؟ !

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى . ۋاقىت سېنى سېغىنىش ،
ئىزدەش ، ئازاب ئىچىدە مىنۇت ، سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى .
يۈرىكىمنى يەپ كېتىۋاتقان سېغىنىش ئوتىنى يالغان كۈلۈمسى-
رەش بىلەن يېپىپ كېتىۋاتاتتىم . شېرىن چۈشلىرىمنى قەلبىمنى
بەزلەيدىغان ، ئۆكسۈشلىرىمنى باسىدىغان شىپالىق دورىغا ئايلان-
دۇردۇم . تۈنۈگۈن كېچىچە سېنى چۈشەپ چىقىپتىمەن . قولۇم
پەقەتلا ئىشقا بارمىدى . مەن يەنە ئىشتىن چۈشۈپ لەمپە ئاستىغا
كەلدىم . قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن مەنزىرىنى ئويلاپ خېلى ئۇزاق

مۆڭلىنىپ ئولتۇردۇم. مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئاشۇ ئۆتۈنۈش ئىنسانغا يۈرەك سۆزلىرىمنى، ئىچ ـ ئىچىمدىن بوغۇلداپ چىقىپ ۋاتقان ياشلىرىمنى، مېنى كۈتۈۋاتقان يېڭى تۇرمۇش، مەجبۇرىي مۇھەببەت تالڭلىشىنى بايان قىلدىم. مېنى تېزرەك مەن خالىمايدى-غان بۇ يولدىن تارتىپ چىقىرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئاسمانغا قارىدىم: قۇياشمۇ ھارغىن، مىسكىن چىرايىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك تاغ كەينىگە مۆكۈشكە ئالدىراۋاتاتتى. ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ چوڭ يولغا چىقتىم. ئاھ! جىددىي تورمۇزلاشقا ئۈلگۈرمىگەن كىچىك ماشىنا، تاتىراڭغۇ چىراي، جىسمىمغىلا ئەمەس، قەل-بىمگە بېرىلگەن قاتتىق سىگنالدىن چۆچۈپ يەرگە يىقىلدىم. قاتتىق ئەنسىرەشتىن جىسمىمنى قۇچاقلاپ تۇرغان ساڭا قاراپ كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئاقماقتا ئىدى.

— قىزچاق، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

بېشىم بوش ئىرغىتىلدى، سەن مېنى يەردىن يۆلەپ ئېلىپ باغرىڭغا باسقىنىڭچە ماشىناڭنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزدۇڭ. پېشانەمدىن ئېقىۋاتقان قاننى قولياغلىقىڭ بىلەن ئاۋايلاپ باستىڭ. بەدەنلىرىم قاتتىق ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ جىس-مىڭنىڭ ئۆزىلا ئاغرىق پەسەيتىدىغان قۇدرەتلىك مېھىر ئىدى. پۈتۈن مېھرىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ مېنى بىر ئايدىن ئارتۇق داۋالىدىڭ. ھەر كۈنى يوقلاپ كىرەتتىڭ، يۈرى-كىمنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ قولۇمنىڭ تومۇرىنى، قىزىپ كېلىشىمدىن ئەنسىرەپ پېشانەمنى تۇتاتتىڭ. بەزىدە كۆز-لىرىمىز ئۇچرىشىپ قالاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا قەلبىمگە يوشۇ-رۇنغان سىرلارنى ساڭا ئېيتىشنى، بۇ ئوتنى ساڭىمۇ تۇتاشتۇ-رۇشنى، ھەقىقىي مۇھەببەتلىك مېھرىڭ بىلەن باغرىڭغا بېسى-شىڭنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم ـ ھە!… ئەمما قىزلىق غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. يەنە ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاپ كەل-دى. ئىككىلا قېتىملىق ئۇچرىشىش، ھايات مەزمۇنلىرى قەلبىم-

ده يالقۇنلۇق مۇھەببەت لىرىكىسى پەيدا قىلدى . مەن بۇ لىرىكى-
نى سەن بىلەن بىرگە ئېيتىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىم . ئەپ-
سۇس يالغۇز ئېيتىشقا ئاۋازىم ، سېنى جور قىلىشقا قۇربىم
يەتمىدى . مەن قانداق قىلاي ؟ قەلبىمنى قانداق بەزلەي ! ؟ بىر
دەستە ئەتىرگۈلنىڭ كەينىدە سەن پەيدا بولدۇڭ ، كۆزلىرىمدىن
ياش تامچىلىدى . قولياغلىقىڭ بىلەن ياشلىرىمنى ئاۋايلاپ سۈرت-
تۈڭ ، پېشانەمگە سۆيۈپ قويدۇڭ . بەلكىم ، بۇنداق قىلىشنى
سەن ئاكىنىڭ سىڭلىغا بولغان مۇھەببىتى دەپ چۈشەنسەڭ كې-
رەك . ئەتىرگۈل تۇتقان قوللىرىڭ قولۇمغا ئۇرۇلدى . سەن
سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈلنى باغرىمغا تاڭغىنىمچە يىراقلارغا ئۇزاپ
كەتتىم . قەلبىڭدىن ئۇزاپ كەتتىم ، بىز يەنە قاچان كۆرۈشەر-
مىز ؟ !

سەن كەتتىڭ ئارقاڭغا يېنىشلاپ بېقىپ ،
قالدىم مەن جۇدالىق ياشلىرىم ئېقىپ .
ئەسلەيمەن ھەر مىنۇت ئۇنىسىز سېغىنىپ ،
يول يىراق دىل يېقىن شۇنى ئۇنتۇما .

ھاياتلىق ئازابلىق ، مىسكىن يۈرىكىمنى يېڭىچە تۇرمۇشقا
مەجبۇرلىدى . ئازابلىق مۇھەببەت تاللىشى چوڭقۇر ئۈمىدسىز-
لىك ھاڭلىرىغا تاشلىۋەتتى . مەجبۇرلانغان بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ
ھاياتىمغا مەڭگۈلۈك ئازاب ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ
بۇ يولنى باسماسلىققا ئامالىم يوق ئىدى . مەن ئاخىرقى قېتىم
لەمپە ئاستىغا كەلدىم ، بۈگۈن مېنىڭ بۇ جايدىن مەڭگۈلۈك
خوشلىشىشىم بولۇپ قالاتتى . توۋا ، بەزىدە ئىنسان تەقدىرىنىڭ
ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشلىرىغا دۇچ كېلىدىكەن . تۇيۇقسىز
ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى . چاقماق چېقىپ
ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى . يىراقتىن ئىككى

گەۋدە مەن تەرەپكە قاراپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئاھ ، رەھىم-سىز تەقدىر ، كۆزلىرىم ياشقا تولدى . ھاياتىمدا مەن ياخشى كۆرگەن ، سېغىنىش ئوتىدا يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتكەن ئىنسان كۆز ئالدىمدا ئەڭ يېقىن دوستۇم بىلەن قولتۇقلىشىپ تۇراتتى . دوستۇمنىڭ :

— تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، بۇ مېنىڭ يولدىشىم دىلزات ، — دېگىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمنى تارسىسىدە يېرىۋېتىشكە تاس قالدى . مەن ئۈمىدسىزلىك ، ئامالسىزلىق ئىچىدە قالدىم ، ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىم بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى . كۆز ياشلىرىم توختىماي قۇيۇلماقتا ئىدى .

— بولدى قىل دوستۇم مېھراي ، — دوستۇم مېنى قۇچاقلىدى ، — ئازابلىرىڭنى چۈشىنىمەن ، خەتلىرىڭدە مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىڭنى بايان قىلىپسەن ، تويۇمغا بارالمىغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى يېزىپسەن ، ماشىنا ھادىسىسى بىلەن تەڭ يۈرەك يارائىمۇ كۆچىيىپتۇ . بىلەمسەن ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئازابلاندىم . سەنمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ تېپىشنىڭ كېرەك ئىدى . ئەجەبا ، سەن ئاشۇ يىگىتكە بىرەر ئېغىز يۈرەك سۆزۈڭنى ئىزھار قىلمايلا ئۆزۈڭ خالىمىغان مۇھەببەت يولىنى تاللىۋالامسەن ؟ ھېلى بولسىمۇ بۇ يولنى مېڭىشتىن توختا . ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ يىگىتنىڭ يۈرەك سۆزىنى تىڭشاپ باق . ھەرقانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىڭدىن تەسىرلەنمەسلىكىگە ئىشەنمەيمەن .

دوستۇمنىڭ تەسەللىسى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى .

— قارارىمنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىزمەن ، — دىدىم ئېسەدەپ تۇرۇپ .

— نېمە ئۈچۈن ، زادى نېمە ئۈچۈن ؟ سەن شۇنداق شوخ ، شۇنداق ئۈمىدۋار ئىدىڭغۇ ، جاراڭلىق كۈلكىلىرىڭ نەگە

كەتتى ؟ — دوستۇم ئىككى بىلىكىمدىن تۇتۇپ لىڭشىتاتتى .

— ئۇ كۆلكىلەر مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى . ئۇنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتتى .

ساڭا قارىدىم ، سەن ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە يىراقلارغا تىكىلگەنىدىڭ . چىرايىڭدىن ماڭا ئوخشاش پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى .

— قايتايلى ، — ئاۋازىڭ تىترەپ چىقتى .

بىز ئېغىر خورسىنىشلار ئىچىدە ئايرىلدۇق . ئاھ ! رەھىمسىز تەقدىر ئۆزۈمنى قانداق بەزلەي ، يۈرىكىمگە سانجىلغان ئازابلىق ئوقنى قانداق بەرداشلىق بېرەي ؟ !

مەن ئاچچىق ئازاب ئىچىدە بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزەلىدىم . تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان چاقچاقلىرىغا ، بوران - چاپقۇنلىرىغا لەنەتلەر ياغدۇردۇم ، پەقەت سېنى قايتا كۆرۈش ، ساڭا ئېرىششىنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ تەسەللى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا دوستۇمغا بولغان نەپرەت بارغانچە كۈچىيىپ باردى . قانچە قېتىملاپ دوستلۇق زەنجىرىنى ئۈزۈشكە ئورۇنغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن . دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنى بىر ئورۇنغا قويماق بەكمۇ تەسكە توختايدىكەن ، مۇھەببەت ھامان غالىب ئورۇندا تۇرىدىكەن . مەن قانداق قىلاي ؟ سېنى قايتا ئۇچراتماسلىقتا ، ئىچىمدىكى سىرلارنى بىر ئۆمۈر پىنھان تۇتۇشقا قەسەم قىلغان بولساممۇ مۇھەببەت ھەممىدىن غالىب كەلدى ، مۇھەببەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدىم . چۈنكى ، سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بايقاپ قالدىم . بىز ئاخىر گۇناھكار بولۇشقا ، خائىنلىق تۇرمىسىگە ھۆكۈم قىلىنىشقا رازى بولدۇق . بۇ بىز تاللىغان بارسا كەلمەس يول ئىدى .

يۈرىكىمگە تۇتاشقان بۇ يول خۇشاللىقىمنى ، جاراڭلىق كۈلكىلىرىمنى ئۇزاق ئۆتمەي يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى . بار ئاۋازىم بىلەن ئىسمىڭنى يادلايمەن . ئەمما ، ئەكس سادا بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمگە قايتىدۇ . كۆز ئالدىمدىكى ھەممىلا نەرسىگە نەپرەت كۆزۈم بىلەن قارايمەن . ئەمما ، ئۇلار تەنتەنە كۈلكىسىنى ياڭرى-تىپ جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ . تاتلىق پىچىرلاش-لاردىن، جىسمىمنى سىمابتەك ئېرىتكەن ئوتلۇق لەۋلىرىنى چۈشلىرىمدىن ، خىياللىرىمدىن ، بىز باسقان تونۇش يوللاردىن ئىزدەيمەن ، ئېرىشكىنىم يەنىلا سوغۇق تام ، تۆت تەرىپىمدىن ماڭا نەپرەتلىك تىكىلىۋاتقان سوغۇق تامغا يۈرىكىمنى يېقىپ ئۈنسىز نالە قىلىمەن . كۆزۈمنى يۇمسامىلا دوستۇمنىڭ مۇھەببەت نۇرلىرى ئۆچكەن بىر جۈپ كۆزى ، ئۆتۈنۈشى ، تۇغۇت ئۈستىدى-كى جان تالىشىۋاتقان ھەسرەتلىك نالىسى قۇلاق تۈۋىمگە كېلىۋې-لىپ يۈرىكىم ۋىجدان ئوتىدا پۇچىلىناتتى ، ئۆز - ئۆزۈمگە نەپ-رەتلىنەتتىم . ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم . ئەمدىكى بىردىنبىر يول روھىمنى پاكلاش ، قەلبىمنىڭ دەز كەت-كەن نازۇك ئەينىكىنى ھاياتىم بىلەن ، ئانىلىق مېھرىم بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، تولۇقلاش ئىدى...

## خاتىمە

ئۆتمۈش — ئۇ تەمسىز ھاياتلىق سۈيى . زۆرۈر بولغاندا سەن ئۇنى ئاغزىڭغا تېمىتىشقا مەجبۇر بولىسەن . ئۇ خۇددى ئۆتكۈنچى يامغۇردەك ، سالقىن شامالدەك پەيدا بولىدۇ . ئەمما ، بىر ئۆمۈر زەمزەم سۈيى بولۇپ جىسمىڭنى پاكلىيالمايدۇ . بوشلۇقلارنى مەڭگۈ تولدۇرالمايدۇ . ئىنسان ھامان ئاجىز ، كۆز ئالدىدا شۇنچە كۆپ خاتالىقلار كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا يول قويىدۇ . ئەمما ، تاقابىل تۇرۇشىنىڭمۇ چارىسىنى ئىزدىمەيدۇ . نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئۆز ئەقىدىسىگە قارشى چىقىدىغاندۇ؟ ! كۆز چاناقلىرىم ئىسسىق ياشقا تولدى . كۆز گۆھىرىمنى توسۇۋالغان نېپىز پەردە كەينىدە قەلبىمگە تۇتاشقان مۇستەھكەم يوللار روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى !

ئابدۇۋاھىت ئوسمان جۇدۇن

# ئۇلۇغ ئىستەك

## (نەسرىي شېئىر)

توخۇ دان دەپ ياشايدىكەن،
ئادەملەر نان دەپ.
جەمئىيەت بولسا ياشايدىكەن ئادەم دەپ!

تاڭ خورىزى چىللايدۇ، ئىنسانىيەتنى ئويغىتىپ، دەۋەت قىلىدۇ كىشىلەرنى يېڭى بىر كۈنلۈك ھەرىكەتكە! ئاشۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنسانلار قۇچاق ئاچار بەرىكەتكە!!!

ئەنە شۇ چاغدا، مەغرىپ تەرەپتىن كېلەر يېگانە دەردلىك بىر سادا ئويغانغان شۇ كىشىلەرنى تارتىپ قولىدىن، ياندۇرۇپ ماڭغان يولىدىن قايتىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىغا بۆلەپ، تاكى پېشانە-سى يېغىر بولغۇچە ئولتۇرغۇزۇپ قويار سەجدىگە! شۇنىڭ بىلەن، ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، پۈتۈن ھاياتنىڭ يۈكى چۈشەر گەجگىگە!

ئاتام زاماندىن تارتىپ، مۇشەققەت يۈكىنى ئارتىپ، كېلەر ئىنسانلار جەمئىيەت ئۈچۈن بولۇشۇپ يەمچۈك؟!

لېكىن، بەزىلەر تارىخ توقۇشۇپ، ئۆتتى بەزىلەر «دۇرۇت» ئوقۇشۇپ، بىراق يەنىلا ئىنسان دېگەننىڭ قىلمىشى كەمتۈك؟!

تا ئەزەلدىن چاك باستۇرۇپ قىلالماستىن ئىشىمىزنى، يەر شارىدا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەستىن بېشىمىزنى، ئۆزىمىزگە

«هاي !» بىرىپ كەلدۇق «ئادەم دېگەن — خام سۈت ئەمگەن» دەپ !

بۇ — قۇرۇق گەپ !!!

ئۇلۇغ ئانىنىڭ بەرگەن ئاق سۈتى، ئانا تېنىنىڭ ھالاللىق كۈچى، ئانا كۆكسىدە پىشىپ يېتىلگەن، ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرگۈچى !!!

ئورتاق يېپىلغان ئاسمان گۈمبىزى، لېكىن ئوخشىماس ئىنسانلار ئىزى.

بەزىلەر ئالغا ماڭار چىپپىشىپ ۋە بەزىلەر قالار يەرگە يېپىشىپ، بەزىلەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن ساماغا، بەزىلەرنىڭ كۆزى نەپسى تەمەدە !

بەزىلەر كەتتى ئالغا، بەزىلەردىن ئېشىپ ئەسىرلەپ، بەزىلەر قالدى پەستە بەزىلەردىن ئېشىپ كەسىرلەپ !!!

«خام سۈت ئەمگەن» مەخلۇقاتلار ياقىنى تۇتۇپ، ھەر ئاخشىمى كۆرگەن چۈشىدە تەلقىلەر قۇرۇپ :

«بۇ دۇنيالىق بىزنىڭ ئەمەس، گول بولمايلى پانىي ئالەمدە» دېيىشىدۇ، «بەختىمىز بار باقىي ئالەمدە !»

يالغان ھەقىقەت !!!

ئانىسىنى تونۇمىغان شۇ مەخلۇقاتلار چوڭ بوپتىكەن «ئانىسىنىڭ يالغان سۈتىدە !»

يېتىلمەكتە كۆزنى ئېچىپ يېڭى بىر ئەۋلاد، ئۇلۇغ ئانىنىڭ پىشقان سۈتىدە ! مۇشۇ بىر ئەۋلاد ھامان بىر كۈنى، شۇ «ھەقىقەت»نىڭ تېپەر كېيىنگە، يورۇق دۇنيانىڭ سائادىتىدە !

يورۇق دۇنيانىڭ سائادىتىدە تۈزۈلدى بۈگۈن يېپيېڭى بىر سەپ !

بۇ — ئەجەب ؟ !

بۇ — قانۇنىيەت !!

مۇئەللىم — ئۇستاز، شان ـ شەرىپىڭ ئاز ؟ لېكىن، ئاند-

دەك سۆت بەرگىنىڭ ساز ! ! !
سېنىڭ مېھنىتىڭ مىننەتسىز مېھنەت !
ئەل ئۈچۈن بەرگەن باھاسىز ھىممەت ! !
ۋۇجۇدۇڭدا بار بىر ئۇلۇغ ئىستەك :
«تۇرمە ئازىيار كۆپەيسە مەكتەپ !»

ئويلاۋاتىسەن ، شاگىرتلىرىڭنىڭ «بەڭۋاش» لىقىنى ، ئويلاۋاتىسەن ، شاگىرتلىرىڭنىڭ زامانىمىزغا تەڭداشلىقىنى ، ئويلاۋاتىسەن ، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ، ئۇيقۇ لەشكىرىنىڭ ھۇجۇمىغا نەزەر باقماي ، ئويلاۋاتىسەن ، قاتتىق سۆڭەك ئىشچىلىرىڭنىڭ جەمئىيەت ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭغانلىقىنى ، ئويلاۋاتىسەن ، سېخىي دېھقانلىرىڭنىڭ پۈتۈن ئەلنىڭ رىزقىنى قەلبتارىغا تاڭغانلىقىنى !

ئويلاۋاتىسەن ، مەمەدانلارنىڭ قۇرۇق قەغەزدىكى نۇتۇقلىرىنى ، ئويلاۋاتىسەن ، داھىيلارنىڭ ھەر سەپەردىكى غالىب ئۇتۇقلىرىنى ! !

ئويلاۋاتىسەن ! ! ! بۇ راست گەپ ! ! !
ئۆتەر مۇئەللىم جەمئىيەتنىڭ غېمىنىلا يەپ :
«بولسىكەن زېمىن بىر ئۇلۇغ مەكتەپ ! ! !»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى

# ئۆزۈمنى بايقاشتىن تۇغۇلغان ئويلار

## 1

تاغدەك ـ تاغدەك دولقۇنلار دەۋرەپ كېلىپ مېنى پارە ـ پارە قىلماقچى، لېكىن مەن كۆكسىنى سېخىيلىق بىلەن كېرىپ تۇرغان بىر قىيا تاش. مەندە يىمىرىلمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت بار.

قىنى، زەڭگەر دولقۇنلار ماڭا قاراپ ئېقىپ كېلىڭلار، مېنىڭ يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان زەربەڭلەرگە بەرداشلىق بەرگەنلىكىمگە قايىل بولۇشۇڭلار مۇقەررەر، چۈنكى مەن شۇنداق بىر قىيا تاشمەنكى، مېنىڭ تەبىئىتىم پەقەت سۈكۈت ئىچىدە ھەرقانداق مۇشكۇلاتلارنى قوبۇل قىلىشتۇر.

مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم بىر خىل غايە. مەن مۇشۇنداق مەۋجۇتلۇق ئىلكىدە تۇرۇپ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلايمەن. كەلگۈسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ساغلام ياشاش، ساغلاملىق ئىلكىدە قەيسەر ياشاش. ئادەم پەقەت شۇنداق ياشىغاندىلا ئەتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 2

تەكلىماكان بىر سىرلىق كىتاب. مەن ئۇنى ۋاراقلاۋاتىمەن. گۈگۈم پەيتىدە ئۇيقۇدىن بىدارمەن. ئەمما، ماڭا قالغىنى قۇملارلا ئەمەس، سوزۇلۇپ سۇت ئۇيقۇدا ياتقان روھ. بۇ روھ باشقىلار

تەرىپىدىن قويۇلغان مەززىسىز سانسىز سوئاللار قورشاۋىدا ئۆزد-
ىنىڭ ماھىيىتىنى تاپالماي ئۆزىنى بىغىشلاشتىن قۇرۇق قىلىۋات-
قان روھ . مەن ئۇنىڭغا ئۇنى ئاپىرىدە قىلغان قۇملارغا خىتاب
قىلاي :
ئەي يىغلاش بىلەن كۈلۈشتىن ئۆز مەنىسىنى ئىسسىق پىتى
ئىزھار قىلالماي چىپچىلىۋاتقان قۇملار ، سىلەر مىنىڭ قەلبىمگە
كۆچۈڭلار .
ئەي ئالتۇندەك ساپسېرىق سارغىيىپ ، قىممىتىنى يۈكسەك
ئەخلاقىي پەللىگە كۆتۈرەلمەي ، گاڭگىراپ قىلىۋاتقان ، بارلىكى
بوستانلارنى ئاچ كۆزلەردەك تويماس قارنىغا يۇتۇۋاتقان قۇملار ،
سىلەر توختاپ قىلىڭلار ، سىلەر قۇترىغان بورانلارنىڭ ھەيۋىسى
ئىچىدە بەكمۇ بەك تىڭىرقاپ قالدىڭلار .
ئەي چىچەكسىز ، بەختسىز قۇملار ، سىلەرگە شۇنداق گەپنى
ئېيتقۇم كېلىدۇ : سىلەر بېسىپ ياتقان مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە
تارىخقا ئايلىنىپ ، كېيىنكى ئارخېئولوگلار بايقايدىغان تاش قات-
ملارغا ئايلىنىپ كەتمىسۇن ، بەلكى تىرىك كىشىلەر ئارىسىدا
چېچەكلىسۇن ، پورەكلىسۇن ، خۇش پۇراق چاچسۇن ! !
ئۇزاققا سوزۇلغان ئۆزىنى تونۇماسلىق قەلبىمنىڭ قۇرغاقلى-
شىشىنى ئاشكارىلىدى ، ئادەم قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندى .
قۇم يىغلىماقتا ، ئۇ يوقىتىشنى ، شۈكۈر - قانائەتنى ، نام-
راتلىقنى ھايات دەپ قارىدى . قېنى مىنىڭ ھەقىقىي ئادرېسىم ؟
مەن كىم ؟ نەدىن كەلدىم ؟ نەگە بارىمەن ؟ مەن رېئاللىق ئىچىدە
تىڭىرقىماقتىمەن... مەن يەنە چۈش كۆرمەكتىمەن ، بۇ چۈش
بەكمۇ بەك ئۇزۇن چۈش ئىدى ، مەن يا ئويغىنىپ كېتەلمەي ،
يا ئويغاقلىقنىڭ مەنىسىنى بىلمەيۋاتقان ھالەتتە كۆزۈمنى ئاچ-
تىم ، تەپەككۇرۇم نىشانسىز ، ۋۇجۇدۇم ھاسىرىماقتا .
تەكلىماكان پېشانەمگە يېزىلغان تەقدىر . مەن ئۇنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى ئىزدەۋاتىمەن . بارا - بارا يالقاۋلىقىم ، بويۇنتاۋلى-

www.uyghurkitap.com

قىم ھەم پەرۋاسىزلىقىم بەختكە يارىشا ئىشتىن قالدى ، باغدوپ-
پىلىق ئەقلىم مېنى قۇملار دۇنياسىغا غەرق قىلدى . قۇملار
چەكسىز بىپايان ئىدى ، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈم گۆھەر دەپ قارىغان
قەدىر - قىممەتلەرنى تەمەچ قىلىپ تېرىۋاتىمەن .
زامانىۋى ئادەم ئىنكار قىلالمايدىغان شەكىلدە ئىچ - ئىچىمە-
دىن كۈلۈشكە باشلىدىم . ئىھ قۇملار مېنى قېنىپ - قېنىپ
سۆيۈشكە مەجبۇر قىلدىڭلار ! ! !

## 3

مېنى باغرىڭغا باس پەرىشتەم ، مەن بەكمۇ ھاردىم . تالادا
قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ . بۇ يامغۇر بەلكىم مەغلۇپ بولغان
بورانىنىڭ كۆز يېشى . ئاڭلاۋاتامسەن ؟ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتى-
دۇ . ئۇمۇ بورانىنىڭ بىر قېرىندىشى . ئۇلار پۈتكۈل ئاتموسفېراغا
كىڭەيمەكتە . مەن بىر تەۋەككۈلچى ! مەن ئۆز قىممىتىمنىڭ
باتۇرلۇق ۋە پاراسەت ئىچىدە ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن .
شۇڭا مەن ئۆز ئەجرىم بىلەن تىككەن يېڭى كۆچەتلىرىمنى پەر-
ۋىش قىلىشىم كېرەك .
مەندىن بورانمۇ ئەيمىنىۋاتقان يەردە ، سەن ماڭا ئۆز سۆيگۈڭ
بىلەن مەدەت بەر پەرىشتەم ، تارىختا ئۆتكەن ئەڭ ئېسىل ئاتىلار-
نىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى چۈشەنگەن پەرىشتىلىرى بولغان . مېنى يەند-
مۇ چىڭ قۇچاقلا پەرىشتەم ، چۈنكى مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە
موھتاج . دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر غايىب بولۇپ كەتسى-
مۇ مەيلى ، بىراق مۇھەببەتلا بولىدىكەن ، مەن تىككەن ئاشۇ يېڭى
كۆچەتلەر قاقىرام چۆللەردىمۇ بىمالال ياشىيالايدۇ .
قاتتىق بوران يەنە چىقماقتا ، يامغۇر تۆكۈلمەكتە ، گۈلدۈر-
ماما گۈلدۈرلىمەكتە . مېنىڭ نازۇك ، ئاجىز كۆچەتلىرىم يەنىلا
بەرداشلىق بەرمەكتە .

بىراق مەن تەنھا قالدىم، چۈنكى پەرىشتەم ئۇخلاپ قالغان-
دى. ئۇخلىغاندىمۇ قوپال گۈلدۈرماما ئاۋازىمۇ ئۇنى ئويغىتالمى-
غاندى. پەرىشتەم ئۇخلىۋىدى، كۆچەتلىرىم مۇكەممەل مۇھەببى-
بەتتىن مەھرۇم قالدى. مانا بىر تال كۆچىتىم يىقىلدى، يۆلى-
دىم، يەنە بىر تال كۆچىتىم يىقىلدى، يۈگۈردۈم، يەنە يۆلىدىم،
ئۇلار مېنىڭ ئەجرىم، تەرىم، قەدرىم ئىدى.

كۆڭلۈم ئازابقا تولدى، ماڭا مەدەت بېرىۋاتقان پەرىشتەم
سەن نەدە؟ مۇكەممەل مۇھەببەت قېنى سېنىڭ گۈزەل جامالىڭ!
مەن سېنى دەپ چارچىدىم ھەم غەزەپتىن چاچرىدىم!!

بىردىنلا چاچلىرىم ئاقىرىپ كەتتى، توۋا دەيمەن، ئاشۇ
يېڭى يۇمران كۆچەتلەر بىزگە مەنسۇپ ئىدىغۇ؟ ئۇلارنى مەن قايتا
ئەي قىلاي... مەن يۈگۈرمەكتىمەن، بىراق مۇكەممەل مۇھەببەت-
چۇ؟ ئۇ قوشۇلۇشتىنلا ئەمەس، بەلكى سۆيۈلۈشتىن، سۆيۈش-
تىن چېچەكلەيدىكەن؟ ئاھ، خۇدا بۇنداق كۆچەتنى قانداق
ئەي قىلاي؟!

## 4

ئاشۇ كېچە مەن مېھرىمنى پەقەت ئۆزەلمەيدىغان قاشتېشىمى-
نى يوقاتتىم. سەن مەن ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، پايپېتەك بولغان-
دىڭ. ئارىمىزدىكى قىن - قىنىمىزغا پاتمايۋاتقان تەلپۈنۈش،
ئوتلۇق ھاياجان دەقىقە پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ۋاقىت
ماڭا بىر ئەسىردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن نېمىشقىمۇ قاشتېشىمى-
نىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى ئاشكارىلىغاندىمەن دەپ كۆڭلۈم بىئارام
بولدى. لېكىن، ئۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇقەددەس، تولىمۇ
قەدىرلىك بىر نەمۇنە ئىدى. ئۇ چوڭلاردىن ماڭا قالغان بىردىنبىر
تەۋەررۈك ئىدى. مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرغۈۋاتقان ئازاب،
ئۆكۈنۈشلىرىمنى ئۇنتۇپ، ساڭا كۆلۈمسىرەپ باققىنىمدا سەن

ماگا خۇددى تەسەللى بېرىۋاتقاندەك ، مەندىنمۇ بەك ئۈچ ئاغرىقى
تارتىۋاتقاندەك هالەتتە ئوتلۇق ، چىرايلىق لەۋلىرىنى مېنىڭ
نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتقان سوغۇق لېۋىمگە باستىڭ . كۆڭلۈم
پاللىدە يورۇپ كەتتى . ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق قېنىم قايتىدىن
كۆۋەجەپ بىر قاينام هاسىل قىلدى . سۆيگۈ مېنى قايتىدىن
دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغاندەك يەڭگىل بولۇپ قالدىم ، قىممەتلىك
ئەڭگۈشتىرىمدىن ئايرىلىش گويا تاماكامنىڭ پۈۋلىۋەتكەن ئىسىدەك ئادەتتىكىدەك بىلىندى . ۋاز كەچمەسلىك مېنى ئۆزىگە شۇنچىلىك خۇمار قىلغانكى ، مەن ئۇنى ئۆز مەۋجۇتلۇقۇم دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن ، ئەسلىدە ئېرىششلا مېنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىم ، ئېسىل ئۆزلۈكۈم ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن . رەھمەت دىلدارىم ! سەن ماڭا نېمىنىڭ قىممەتلىك قاشتاش ئىكەنلىكىنى تونۇتتۇڭ . سەن مېنىڭ غايىۋى ئەقىل - پاراسىتىمنىڭ يورۇق تۇچكىسى . سەن مېنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزۈلمەس ئېقىنى ! !

## 5

يوپۇرماقلار يەرنى سۆيمەكتە . پۈتۈن تەبىئەت ئالتۇن رەڭگە كىردى . گويا ياپراقلار ، گىياھلار ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەندەك ئىدى . نەگە قارىساڭ ساپسېرىق ، ئاقۇچ ، بىنەپشە ، سۆسۈن ، بېغىررەڭ ، ھاۋا رەڭ… ئاھ ياراتقۇچى ئىگەمگە رەھمەت ! نېمىدېگەن ئېسىل ، نېمىدېگەن قالتىس - ھە ؟ بۇ ئاجايىپ رەڭلەر دۇنياسى مېنى شېئىرىي ئىلھامنىڭ لەرزان قۇچىقىغا تاشلاپ ، مەستخۇش قىلاتتى . مەن ئەركىلەش ئىلكىدىكى ھاياجان تۈيغۇسىنىڭ قورشاۋىدا قالدىم . بۇ خىل سېزىم پەقەت بالىلىق ھاياتىمغىلا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى تۇنجى رەت ھېس قىلماقتىمەن . توۋا ، مەن يەنە بالىلىققا قايتىپتىمەن . مەن ئىشخانامنىڭ ،

ماشىنامنىڭ ، ھەتتا قەۋەتلىك بىنادىكى ئۆيۈمنىڭ ئاچقۇچلىرىنى
يىتتۈرۈپ قويدۇم . نەقەدەر ئاز ئۇچرايدىغان بىپەرۋالىق بۇ ! مەن
بۇنىڭدىن ئەكسىچە ھۇزۇرلاندىم . كارامەتكە تولغان پۇرسەت دې-
گەن مانا ! چۈنكى ، مەن مېنى قانۇنلۇق يوسۇندا ئىگىلىۋالغان
ئاشۇ زەنجىرسىمان مەسئۇلىيەتلەردىن بىراقلا خالاس بولدۇم .
بىردىنلا ئىككى مەڭزى يېڭى پىشقان توغاچتەك قىزارغان ، كۆز-
لىرى شوخ ، پۇت - قوللىرى چاققان ، نېمىنى كۆرسە تۇتۇپ
باققۇسى ، كۆرۈپ باققۇسى كېلىدىغان تىنىمسىز بالىلىقنىڭ
ئىسكەنجىسى ئىچىدە قالدىم . نېمىدېگەن راھەت - ھە ؟ كۈز
دېگەن قۇۋۋەت دورىسىمىدۇر ؟ ئۇ مېنى ساغلام ، چىرايلىق ، ياش
ۋە بەڭۋاش قىلىۋەتتى . كۈز دېگەن شۇنچە خاسىيەتلىكمىدۇ ؟ ئۇ
مېنى غەم - قايغۇنىڭ سىرتىدىكى بىر گۈزەل ئارزۇ - ئارمان
دۇنياسىغا تاشلىدى . ماڭا تاغدەك ئالتۇن بەرسىمۇ ، بالىلىقتىن
ۋاز كەچمەيمەن . ئۇنىڭ قوينىدا يەنە بىردەم ئوينىۋالغۇم ، ناخشا
ئېيتىپ قىن - قىنىمغا پاتماي يايرىۋالغۇم بار ! خىرە - شىرە
بىر يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى . مەن مۇزىكا
ئاۋازى چىققان تەرەپنى ئىزدىدىم . ئۇ يىراقتا ئەمەس ، يېقىنلا
يەردە ئاڭلانماقتا . ئۇ مېنىڭ بەدىنىمدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .
چۆچۈپ كەتتىم ، قول تېلېفونۇمدا ئايالىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .
«نەگە كەتتىڭىز ؟ ئۆيگە چاپسان قايتىپ كېلىڭ . قىشلىق كۆك-
تاتلارنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ» مەن بىردىنلا رېئاللىققا قايت-
تىم . توۋا ، كۈز پەسلىدىكى مەن يالغۇز ئەمەسكەنمەن ، يەنە
بالام ، خوتۇنۇم ، قىشلىق كۆكتاتلار ماڭا ھەمراھ ئىكەن ئەمەس-
مۇ ؟

## 6

ئاي تولغان بۇ كېچە يالغۇز قالدىم . بارلىق زېھنىمنى يىغىپ

ئاينى كۆزەتتىم . ئاي شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بالقىدى . پاھ ، نېمىدېگەن تولغان ئاي بۇ ، ئۇنىڭ يۈزىدە داغ بار دەيدۇ تېخى! مەن بەزى ئەخمەقلەرنىڭ گېپىنى راست چېغى دەپتىمەن . شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا تولىمۇ بىر گۈزەل مەنزىرە زاھىر بولغانىدى . شامال دەرەخ شاخلىرىدىكى قالدۇق ياپراقلارنى يەرگە تۆكمەكتە . مەن ئاينىڭ قالدۇق سىرلىرىنى كۆرمەكتىمەن . ئايدىكى بىر مەنزىرە مېنى جەلپ قىلدى . ئايدا بىر ساھىبجامال بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ كۆتۈرۈۋالغان ئەپكىشىدىكى چېلەكلەر بۇ نازىنىنىنىڭ يېنىك قەدەم ئېلىشىدىن بىلىنەر ــ بىلىنمەس تەۋرىنىۋاتاتتى . ئايدا قىز ، بۇلاق ، يەنە سۇ بار ئىكەن . دېمەك ، ئايدا مۇھەببەت بار ، ھاياتلىق بار ! ! ! مەن ئۇ نازىنىنىنىڭ ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم . مەن بۇ يىل كۈز پەسلىدە ئايدىكى بىر ساھىبجامالنى بايقىدىم . ئۇ مېنى ھاياجانغا سېلىپ كېچىچە ئۇخلاتمىدى . كۈز ماڭا ئەقىل ــ پاراسەت تارتۇق قىلدىمۇ ياكى تەسەۋۋۇرۇم بىراقلا فونتانلاپ تاشتىمۇ؟ ئەيتاۋۇر ئۆزۈمنى تولىمۇ ئامەتلىك ھېس قىلدىم . مول ھوسۇل يالغۇز يەردىن ، تەردىن بولمايدۇ ، ئۇ يەنە مەنىۋى ھوزۇرلىنىشتىنمۇ بولىدۇ . ئەجەبا ، سىز بۇنى تېخىچە سەزمىدىڭىزمۇ؟

## 7

ناخشا ئېيتىدىغان كېچىلەر گۈزەل بولىدۇ . مانا بىر ئالىقىنىنى قولاققا يېقىپ ناخشا ئېيتماقتا دېھقان . ئۇ ئۇزاپ كەتكەنسېرى ناخشىمۇ ئۇزاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . پېشايۋانلىق كەڭ ھويلىدا ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ ھارغىنىمىزنى بىلمەيدىغان باللار ئىدۇق .

— ئۇخلاڭلار باللار ، — دەپ تاغام ئۆيگە كىردى . ئىشىك

غىچ قىلىپ يېپىلدى. بىز يەنە پىخىلداپ كۈلۈپ يوتقاندىن باش چىقىرىشتۇق. بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق چۆچەك ئېيتىدىغان تاغامنىڭ ئاۋازى سۈرلۈك چىقاتتى. قورقۇش ئاڭلىماسلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئاڭلاش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە؟

قارا، تاغا ماۋۇ ساۋۇتەك مېنى چىمدىۋالدى. ئۆزۈڭ مېنى چىمدىدىڭ، ئاندىن مەن...

مانا بۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈش پەقەت شۇ چاغقا، شۇ يەرگە تەۋە بولۇپ، قېتىپ قالدى. بىراق ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل چاغلار - ھە؟ ئۇنى مەڭگۈ ئاشۇ پېتىلا قالسا دەيدۇ ئادەم. شۇنداق، تۇرمۇشنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بىر ئەسلىمىسىمۇ كىشىگە ئاجايىپ زوق ۋە يېقىملىق تۇيغۇ قالدۇرىدۇ. ئۇ مەڭگۈ كۆز ئالدىمىزدىن ھالقىغاندا بولسا، كۆڭلىمىز تولىمۇ يېرىم بولىدۇ. شەكسىزكى، ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن بىر - بىرىنى پۈتۈنلەپ تۇرىدىغان خىسلىتى بىلەن ئۇلۇغ. كۈز خازانغا ئايلانغان ياپراقلىرى بىلەن بەزىدە ئۇپراۋاتقان قەدىر - قىممەتتىن بېشارەت بەرسە كېرەك. شۇنداق، ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ سۈزۈك نەرسە مېھرىبانلىق، بىز ئۇنىڭدىن ھەممىنى، يەنى ئەقلىنى، بايلىقنى، كېلەچەكنى كۆرىمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئابدۇۋەلى ئەلى ئەلا

# ئاق كۆڭۈلدە تۇغۇلغان پاك تۇيغۇلار

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىدىكى پاك مۇھەببەتنىڭ بىباھا ھاسىلاتى بولغان ئاق رەڭلىك نەسىل جەۋھەرلىرىنىڭ تەقەززالىق ئىلكىدە قوشۇلۇشىدىن تۆرەلدىم . تۆرەلمىدىن ھامىلىگە ، ھامىلىدىن جېنى بار تەنگە ئايلىنىپ ، بۇزرۇكۋار ئانامنىڭ قوۋمىمىز ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇشتەك ئاق نىيىتىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن تەۋەللۇت قىلىنىپ ، ئاپئاق يورۇق دۇنياغا ئاق رەڭلىك ھەمراھىمدىن ئايرىلغان ھالدا يىغلاپ تۇغۇلدۇم . ئۇ چاغدا مېنىڭ مېڭەممۇ ئاق ، تېنىممۇ ئاق ۋە قەلبىممۇ ئاق ئىدى ! مەن تۇغۇلۇشۇم بىلەنلا يەنە ئاق يۆگەككە يۆگەلدىم ، ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتۈپ ئۈستىگە ئاپئاق رەختلەر سېلىنغان بۆشۈككە بۆلەندىم . مەن شۇنىڭدىن باشلاپ مېھرىبان ئانامنىڭ بىغۇبار ۋۇجۇدىدىن تامچىلىغان ھالال ئاق سۈتىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان چەكسىز ھاياتىي كۈچىنىڭ قۇدرىتىدىن بەھرە ئېلىپ ئۆمۈر سەپىرىگە يۈزلەندىم . يەنە شۇ ئانامنىڭ كۈندۈزلىرى ئارام ئالماي ، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي پەرۋىش قىلىشى بەدىلىگە ئاپئاق سەدەپتەك چىرايلىق چىشلىرىممۇ ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشقا باشلاپ ، ئاق نان ۋە ئاق ئاشلار بىلەن ئېغىزلىنىش ۋە لەززەتلىنىش پۇرسىتىگە نائىل بولالىدىم . ئانامنىڭ زەمزەمدىن ئەتىۋار ، جاندىنمۇ قىممەت ئاپئاق سۈتى ۋە ئاق نان ھەم ئاق ئاشلارنىڭ ماڭا ئىنئام قىلغان كۈچ ـ ماغدۇرى مېنى ئاق بۇدرۇق قىلىپ چوڭ قىلىش بىلەن مۇبارەك تۇنجى قەدەملىرىمنى بېسىشقا مۇيەسسەر قىلدى . مانا

بۇ، مېنىڭ ئاق نىيەت ۋە ئاق تىلەك بىلەن باشلانغان ھايات
يولۇمدىكى دەسلەپكى تەمتىلەشلىرىم ئىدى. مېنىڭ تىلىم بارا-
بارا سۆزلەشكە كىرىشىپ: «ئانا، ئەممە»، «ئانا، ئۇممە»،
«ئانا، ئاش»، «ئانا، نان»... دېگەنگە ئوخشاش ئاققا بولغان
تەشنالىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن چىقىشقا باشلىدى. يەنە
ئىنساننىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ
تۇرىدىغان تۈپكى ئامىللارنىڭ بىرسى بولغان بۇ چۈچۈك تىللىرىم-
دا يەنىلا ئاق سۈت، ئاق نان، ئاق ئاش، ئاق تۇز...لارغا بولغان
چىدىغۇسىز تەشنالىق مۇجەسسەملەنگەنىدى. مەن شۇنىڭ بىلەن
قۇدرىتى ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىزنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋى-
تىنى كۆرۈپ بەخىرامان ياشىشىمىز ئۈچۈن ئاتا قىلغان ھەمدە
ئاق كۆڭۈل ئەمگەك سۆيەر چېۋەرلەرنىڭ ماھىر قوللىرىدا بەرپا
قىلىنغان خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەردىن لەززەتلىنىپ چوڭىيىش
پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدىم. مەن شۇ تەرىقىدە چوڭ بولۇپ، ئاتا-
ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم ۋە ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئاق نىيەت
ۋە ئاق تىلەكلىرى ئايان قىلىنىپ، يۇرت چوڭلىرى جەم بولۇپ
قويغان قۇتلۇق ئىسمىم بىلەن ئاتىلىدىغان ئىسمىمۇ بار، جىس-
مىمۇ بار سەبىي بالا بولۇپ قالدىم. ئوقۇش يېشىغا توشۇپ
مەكتەپكە ماڭىدىغان كۈنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات سەپىرىمگە
ئاق يول تىلەۋاتقان ئانام مېنىڭ ئۇچامغا پاكلىق ۋە راۋانلىقنىڭ
نېشانىسى بولغان ئاق كۆڭلەك كىيگۈزۈپ پېشانەمگە ئوتلۇق
مېھرى بىلەن ئۆپكەن ھالدا ئۇزىتىپ قويدى. ئۆز ھاياجىنىنى
باسالماي ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسەتكەن ھالدا خۇشخۇي كۈلۈم-
سىرەۋاتقان مېھرىبان دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلىگەن پېتى
مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاق نىيەت، ئاق تىلەك
ۋە پاك ئەجىر - ئەمگەكلىرىنى، قىسقىسى، ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل
پاك ۋۇجۇدىنى كۈرمىڭلىغان ئاق نىيەتلىك سەبىي بالىلارنىڭ
مەسۇم قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەتتىن يارقىن نۇر چېچىپ قاراڭغۇ

www.uyghurkitap.com

دىللارنى ئاپئاق يورۇتۇش ئۈچۈن بېغىشلىغان ھەمدە شۇ قۇتلۇق ئىشىنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇقەددەس بورچى دەپ ھې-سابلايدىغان ئاق كۆڭۈل باغۋەنلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنى-دى . مەن ئەنە شۇ مەرىپەت گۈلىستانىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن-كى تۇنجى ئىشىمنى ئاپئاق قەغەزگە پۈتۈلگەن «ئېلىپبە»دىكى «ئا» ھەرپىنى قارا قېرىنداش بىلەن ئاپئاق قەغەزگە ، ئاپئاق بور بىلەن قارا دوسكىغا يېزىپ ئۆگىنىشتىن باشلىغانىدىم . مېنىڭ ئاشۇ ھالدىكى ئاقتىن كۈچ ئېلىپ ، ئاقتىن نۇر ئېمىپ ۋە ئاققا ئىنتىلىپ باشلانغان ئاق يوللۇق سەپىرىم مېنى بالىلىق مەنزىلىمە-نى بېسىپ ئۆتۈپ ياشلىق دەۋرىمگە قەدەم بېسىشقا مۇيەسسەر قىلدى . بۇ چاغدا مەن مەرىپەت باغۋەنلىرىنىڭ تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان ھەمدە ئىلىم - ئېرپاننىڭ ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن سۈپسۈزۈك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان ئاپئاق كەپتەرگە ئوخشاپ قالغانىدىم . مانا ، مېنىڭ ئۆز ئوقۇشۇمنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ، ئىلىم - پەننىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلە-رىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتلىنىدىغان ۋاقتىممۇ يېتىپ كەلدى . شۇ چاغلاردا ئۆيىد-مىزگە مەھەللە - كويدىكى يۇرت - جامائەت ، يىراق - يېقىندىكى قوۋم - قېرىنداش ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار مېنى قۇتلۇقلاش ۋە مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشلىرىغا ئاپئاق سەللە يۆگەپ ، ئۇ-چىلىرىغا ئاق پەشمەت ياكى پەرىجىلەرنى كىيىۋالغان ئاپئاق سا-قاللىق مويسىپىت بوۋايلارمۇ ، باشلىرىغا ئاق داكا ياغلىق ئار-تىپ ، ئۇچىلىرىغا ئاق چۇنچەن ياكى خەسلەردىن تىكىلگەن يارد-شىملىق كۆڭلەكلەرنى كىيىۋېلىشقان ئاپئاق چاچلىق خوش پېچىم مومايلارمۇ ، ئۇچىلىرىغا پەقەت قۇتلۇق مەرىكىلەردىلا كىيىشكە ئاتاپ تىكىلگەن پۈزۈر كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشىپ ئىچىدد-

كى چەكسىز خۇشاللىقنى يوشۇرالمايۋاتقاندەك سەدەپتەك ئاپئاق
چىشلىرىنى كۆرسەتكەن ھالدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ياكى قاقاق-
لاپ كۈلۈپ كىرىۋاتقان ئاتا يوللۇق ياكى ئاكا ئورنىدىكى ئەركەك-
لەرمۇ، تەقى - تۇرقى ۋە كىيىنىشلىرىدىن رەڭگارەڭ گۈللەر-
نىڭكىگە ئوخشاش گۈزەللىك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھەمدە كۆزلى-
رى ۋە لەۋلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن كۈلكە
يېغىپ تۇرىدىغان ئاقپىشماق قىز - چوكانلارمۇ، مېنىڭ شۇ
كەمگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئاق يوللۇق ھايات سەپىرىمدە، ماڭا
ئاق كۆڭۈل ۋە ئاق نىيەتلىك بىلەن ھەمدەم بولۇشۇپ بىللە چوڭ
بولغان تەڭتۇشلىرىممۇ ۋە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ۋە ئادەملەر-
گە، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ
ھەممىسىگە قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە نەزەر تاشلاپ، ھېچ-
قانداق غەم - غۇسسىسىز ھالدا قىيغىتىشىپ ئويناپ يۈرىدىغان
ئاق كۆڭۈل سەبىي بالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاق تىلەك ۋە
ئاق نىيەتلىرىنىڭ ھاياجىنى ئىلكىدە تېپىچەكلەۋاتقان جۇشقۇن
قەلبىدە، سەپىرىمگە ئامانلىق، ئىشلىرىمغا ئاسانلىق ۋە تېنىمگە
ساغلاملىق تىلەشتەك بىرلا ئوتلۇق تىلەكنىڭ ئوتقاشتەك نۇر
چېچىۋاتقانلىقى ماڭا بەشقولدەك ئايان ئىدى. ئۇلارنىڭ ماڭا يول-
لۇق تۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - ئىنئاملىرى ئىچىدە،
سۈت قوشۇپ يېقىلغان ئاق - قىزغۇچ يۈزلۈك نان - توقاچلار،
ئاپئاق سۈتنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان يېپيېڭى خام قايماق-
لار، ماھىرلىق بىلەن تۇجۇپىلەپ تەييارلانغان ئاپئاق رەڭلىك
سۈزمە - قۇرۇتلار، كاسىپلارنىڭ چېۋەر قوللىرىنىڭ ئاجايىپ
كارامىتىدىن ئاق ئۇن، ئاق شېكەر ۋە ئاق ياغ (قوي يېغى)
لاردىن بارلىققا كەلگەن ئاپئاق رەڭلىك قەندال - پەشمەتلەر، ئاق
ئۆرۈك، ئاق ئالما ۋە ئاق شېكەرلەر خۇرۇچ قىلىنىپ، ئەپچىل-
لىك بىلەن قايناتىلغان ھەر خىل شېرىن شەربەتلەر، ئۆزىنىڭ
ئاپئاقلىقى ۋە شېرىن تەمى بىلەن ھەممىنى مەھلىيا قىلالايدىغان

قەنت ـ ناۋاتلار بار ئىدى .

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى . ماڭا ئاقىۋول تىلەش ئۈزاتقىلى چىققانلار خېلى كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز ساۋاقدىشىمنىڭ دۇپدۇگىلەك شەھلا كۆزلىرىدىن ئەگىۋاتقان ياش ۋە مەمنۇنلۇق ھەم خۇرسەنلىك ئىلكىدە ئازراق ئېچىلغان قىزغۇچ لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان مارجاندەك ئاپئاق چىشلىرى بىلەن ئىككى مەڭزىدىكى زىنىخلىرىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىدىن ھاسىل بولغان كۈلكە تەبەسسۇمى مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىۋال- دى . بىز ئولتۇرغان ئۈستى ئوچۇق يۈك ئاپتوموبىلى ئورنىدىن قوزغالغاندا ، ئۇ پۇلاڭلاتقان ئاپئاق تاۋار ياغلىق ۋىسال ئىنتىلى- شىدە كۆككە پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن يۇلقىنىۋاتقان ئاپئاق كەپتەر- گە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈندى . ئانچە ـ مۇنچە شىغىل يېيىتىلىپ تۈزەشتۈرۈپ قويۇلغان تاشيولدىن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ توزۇۋاتـ- قان ئاپئاق توپا ـ چاڭ ، بىز قانچە ئۇزاقىقا ماڭغانسېرى شۇنچە سوزۇلۇپ ئۇزۇلمەس ئاق ئېقىن ھاسىل قىلغانىدى . مېنىڭ قىيالماسلىق نەزىرىدە ئارقىغا تىكىلگەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىم ، يەنىلا ھېلىقى ئاپئاق ياغلىقنى ئىزدەۋاتقان بولسىمۇ ، ئارىلىقنىڭ بارغانسېرى يىراقلاۋاتقانلىقى ھەمدە چاڭ ـ توزاڭنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتـقانلىقى تـوپەيلىدىن ، ئـۇنى زادىـلا ئىلغا قىلالماي قالدىم… مېنىڭ سەپەرداشلىرىم ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللار بىلەن تاغلاردىن ئېشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تەۋرىتىشىنىڭ تەسىرىدە مۈگدەپ قېلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ نېمىدۇر بىر نېمىنى تەقەززالىق بىلەن ئىزدەۋاتقان ھالدا ئارقىغا تىكىلگەن ئويچان كۆزلىرىم يەنىلا يۇمۇلمىغانىدى ، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىم ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان تارتـ- شىش ، ئايرىلىش ، ھەتتا سېغىنىشتەك چىگىش تۇيغۇلارنىڭ گاڭگىرىتىشى بىلەن مەستخۇشلۇق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانـ-

دى . مېنى قاتتىق قىيناۋاتقان ئاچچىق ئىچ پۇشۇقى ناخشا بىلەن
ئىچىمنى بوشىتىشقا مەجبۇر قىلدى : «ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر ،
ئاپئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر » ، «يارىم بەرگەن ئاق ياغلىق يۇرىكىم-
دە ساقلاقلىق » ، «ئاققىنە كەپتەر بولۇپ ، قوناي دەرەخنىڭ بې-
شىغا» دېگەندەك ناخشىلارنىڭ بەزىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتقان بول-
سام ، بەزىلىرىنى بىلىنىشمىچە ۋارقىراپ توۋلاۋەردىم . ناخشامنىڭ
ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن سەپەرداشلىرىم نېمە ئىش
بولغانلىقىنى تازا ئېنىق ئىلغا قىلالماي كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن
هالدا ماڭا تىكىلىپ قالغاندىمۇ ، توختىماستىن توۋلاۋەردىم . مې-
نىڭ بىلەر - بىلمەس ئالىتاغىل توۋلىغان ناخشىلىرىم هەمراھ-
لىرىمنىڭ قەلبىدە قانداق تۇيغۇلارنى قوزغىتىشىغا سەۋەبكار بو-
لۇۋاتقانلىقى ماڭا نامەلۇم بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ چېھرىدە
جىلۋە قىلىۋاتقان شادلىق ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمدە ، ئۆز ئى-
شىمدىن پۇشايمان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى ئىچ - ئىچىم-
دىن قاتتىق خۇشاللاندىم . ئارىدىن چىققان جور بولغۇچىلار بىلەن
دوست تارتقۇچىلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى توختىماي ياڭراپ
هەممە ياقنى بىر ئالدى ، ناخشىلارنىڭ يېقىملىق ساداسىدىن ها-
سىل بولغان جۇشقۇن هاياجان ، هەممىمىزنىڭ بىغۇبار قەلبىنى
لەرزىگە سالدى...

ئەنە ، نەچچە كۈندىن بۇيان پاتراق كۆرۈش ئارزۇسىدا بولۇپ
كېلىۋاتقان مەنزىلگاھىمىزمۇ گىرىمسەندىن هاسىل بولغان ئاق
رەڭلىك شالاڭ تۇتەك ئىچىدە قارا - قۇرا بولۇپ كۆرۈنۈشكە
باشلىدى . بىز قارارگاھىمىزغا يېتىپ كېلىپ ئاپتوموبىلدىن
چۈشكەندە بىر - بىرىمىزگە هەيرانلىق ئىلكىدە قارىشىپ قال-
دۇق . چۈنكى ، بىزنىڭ ئاق ناندەك دۈگىلەك يۈزلىرىمىز تومۇز
ئاپتىپىنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن ئازراق قارىيىپ قالغان بولسا ،
رەڭگارەڭ چاپان - چارىلىرىمىز يول بويى قونغان توپا - چاڭنىڭ
ئاسارىتىدىن خېلىلا ئاقىرىپ كەتكەنىدى .

بىز ئۆزىمىز ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە يېتىپ بارغاندا ئۇلغۇ-
سى ئانا مەكتىپىمىزدىكى ئاق كۆڭۈل ئۇستازلىرىمىز بىزنى مېھ-
رىبانلىق بىلەن باغرىغا باستى . شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىز-
دىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى
چوققىلىرىغا ئۆرلەش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇشتەك ئۇلۇغ
تىلەكلىرىمىز ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى . دەل ئاشۇ پەيتتە مېنىڭ كۆز
ئالدىمدا ئۇستۈۋېشىنى ئاپئاق قار - مۇزلار قاپلاپ كەتكەن ھەمدە
ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا تاقاشقان ھالدا مەغرۇرانە قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ نامايان بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى .
مەن ئۆزۈمنى ئەنە شۇ تاغقا جەسۇرانە يامىشىشقا تەييارلىنىۋاتقان
يېڭى ئالپىنىست دەپ ئويلىغىنىمدا ، ئالدىمدىكى بۇرچۇمنىڭ
نەقەدەر ئېغىر ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان
پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم جىددىيلىك ئىلكىدە سىلكىنىپ كەتتى .
بىرنەچچە يىللىق تىرىشىپ - تىرمىشىش ۋە ئىجتىھاتلار
شارابىتىدىن ئالىي مەكتەپنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن تاماملاش
پۇرسىتىگە مۇۋەپپەق بولدۇم . ئۆز زىممەمگە ئىلىم - مەرىپەت
گۈلىستانىدا ھارماس باغۋەن بولۇپ ، ئەۋلادلىرىمىزنى تۈجۈپىلەپ
يېتىشتۈرۈشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى يۈكلىگەن ھالدا ئۆز يۇر-
تۇمغا قاراپ راۋان بولدۇم .
مەن ئۆزۈمنىڭ ئاق كۆڭۈل ، ئاق نىيەت ۋە ئاق تىلەكلەر
بىلەن باشلانغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمنى سىياھدەك قاپقارا
چاچلىرىم ئاپئاق قاردەك ئاقارغىچە ، سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىم
كۇز غازىڭىدەك سارغايغىچە ، بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىم
غۇۋالىشىپ نۇرسىزلانغىچە ۋە ئىللىقلىق يېغىپ تۇرىدىغان نۇرانە
گۈزەل چېھرىم قورۇق بېسىپ پۇرلىشىپ كەتكۈچە ھارماي -
تالماستىن ئىشلەپ ئارامغا چىقتىم . شۇ چاغدا مەن ھېچقانداق
مالۇ دۇنيا ، شانۇ شەۋكەت ۋە نامۇ ئەمەللەرگە ئېرىشەلمىگەن
ئاددىي ئەمگەكچى ھېسابلانساممۇ ، لېكىن كەسپداشلىرىم ، زا-

مانداشلىرىم ، قېرىنداشلىرىم ۋە شاگىرتلىرىمنىڭ غۇبارسىز
ئىنسانىي پەزىلەتلىرىمگە ، مىننەتسىز ئەجىر - ئەمگەكلىرىمگە ۋە
تەڭداشسىز مېھىر - شەپقەتلىرىمگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەن
ئادىل باھالىرى ۋە ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ھەمدە ئۇلارنىڭ ماڭا
كۆرسەتكەن ئىززەت - ھۆرمەت ۋە قەدىر - قىممەتلىرىدىن بەھ-
رىمەن بولۇپ ، ئىچ - ئىچىمگە سىغمىغان ھالدا شادلىنىپ كەت-
تىم . ئاشۇ چەكسىز شاد - خۇراملىق ماڭا ئاتا قىلغان مەمنۇند-
يەت ، ئىشەنچ ، غەيرەت ۋە كۈچلۈك دالالەت مېنى ئاز قالغان
ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئاسايىشلىق ، ئازادىلىك ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىل-
كىدە بەخىرامان ، غەمسىز ئۆتكۈزۈشكە ئۈندىدى . شۇنىڭ بىلەن
مېنىڭ ئەۋلاد - نەسلىمىزنىڭ غۇبارسىز پاك دىللىرىغا مەرىپەت
نۇرۇقىنى چېچىشتىن ئىبارەت ئاق نىيەت بىلەن باشلانغان خەير-
لىك ئىشىمنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش ۋە دىلىمغا پۈككەن
باشقا پىلانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا بوشاشماي ئالغا ئىلگى-
رىلەيدىغان يېڭى سەپىرىم باشلاندى . شۇنىڭدىن بۇيان ، ئۈستى-
لىمنى دەستىگاھ ، قەلىمىمنى ياراغ ، ئاق قەغەز ۋە قارا سىياھ-
لارنى سەرپ قىلىپ ، پاك ۋىجدانىمدىن ئۇرغۇغان كۆڭۈل كۈيلى-
رىمنى نەزملەرگە پۈتۈۋاتىمەن . قېرىلىق ، كېسەللىك ۋە پېشكەل-
لىك دېگەندەك جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۈشەندىلەرنىڭ توسقۇنلۇق-
لىرىغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا ، زوق - شوخ بىلەن ئۆتۈۋاتى-
مەن . دوستلار ئارا تۈزۈلگەن بەزمە - سورۇنلاردىن قالمايۋاتى-
مەن . قەلبىمدىن ئېتىلىپ چىققان جەزبىدار ناخشىلىرىمنى ئار-
مانسىز توۋلاۋاتىمەن . قىسقىسى ، مەن ھازىر ھەر كۈنى دېگۈ-
دەك ، پۈتكۈل ئالەمگە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى چېچىپ ئاپئاق
تاڭ ئاتقۇزىدىغان سېخىي قۇياشنىڭ مەغرۇرانە ھالدا كۆتۈرۈلگەن-
لىكىنى تاڭ ئاتماستىن باشلانغان ئىش - ئەمگەكلىرىمنىڭ يېڭى
ھاسىلاتلىرى ئارقىلىق قىزغىن كۈتۈۋالىمەن . ھەر كۈنى كەچقۇ-
رۇنلۇقى ، خۇددى يورۇق ئالەمدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقان-

دەك مەيۇسانە هالدا ئولتۇرۇۋاتقان مىسكىن قۇياشنى شۇ كۈنى ئۆزۈم قۇچقان ئۇتۇق ۋە شاد ـ خۇراملىقلىرىم بەدىلىگە هاسىل بولغان مەمنۇنلۇق ئىلكىدە ئۇزىتىپ قويىمەن . مېنىڭ هازىرقى هايات سەپىرىمدە ئاق نىيەتلىك سەپەرداشلىرىمنىڭ : «پېشكەل-لىك كەلسە كەلسۇن ، كېسەللىك كەلمىسۇن ، كۈچ ـ ماغدۇر كەتسە كەتسۇن ، قېرىلىق يەتمىسۇن» دېگەندەك ئاق تىلەكلىرىنى هەر بىر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا ، مىسلىسىز ئىپتىخارلىق ئىچىدە يىغلىۋاشتىن روهلىنىپ كېتىمەن . شۇڭا مەن هازىر : قانائەت ، تەمەننا ماڭا يات هامان ، ئاداققى دەمگىچە ئاشىمەن داۋان دېگەن ئىرادە بىلەن ياشاۋاتىمەن . قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرمەن ، باقىي دۇنياغا قاچان كېتەرمەن ؟ دېگەندەك بولمىغۇر خىياللارنى زادىلا ئويلاپ قويمايمەن . تەپەككۇر ، ئىش ئەمگەك ۋە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئەمدىكى ئۆمرۈمگە قانچە ئۇزاق ياشىسامۇ ، شۇنچە تويمايمەن . شۇڭا مەن هازىر بىر كۈنگە ئون كۈنلۈك ئۇتۇق يۇكلىسەم ، قېپقالغان ئۆمرۈممۇ ئاشامدۇ يۇزدىن ؟ دېگەن ئەهدەمنى ئادا قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىمەن . توختاۋسىز ئويلاۋا-تىمەن ، تىنىمسىز ئىشلەۋاتىمەن ۋە ئارمانسىز ئويناۋاتىمەن . لې-كىن شۇنىسى بەرهەقكى ، تەشنالىق ، تەقەززالىق ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ زادىلا قانمىغان بۇ پانىي دۇنيادىن ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا مەهكۇم قىلىنىغان باقىي دۇنياغا هامان كېتىمەن . شۇ چاغدىمۇ يەنە جاندىن جۇدا بولغان بىچارە تېنىم ئىسسىق سۇغا چىلاپ هۆللەنگەن ئاپئاق پاختىلارنى سۈركەش ئارقىلىق سۇغا ئېلىنىدۇ ، ئاپئاق ماتا ۋە خەسلەردىن تەييارلانغان ئاق كېپەنگە ئورىلىدۇ ۋە ئۇستىگە ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان ياغاچ ئاتقا مىنگۈزۈ-لۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىلىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ، دىللىرى مۇسىبەت-نىڭ ئاچچىق هەسرىتىدىن پۇچىلىنىۋاتقان هازىدارلار باشلىرىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ياكى ئاق رومال ئارتقان هەمدە بەللىرىگە ئاق باغلىغان هالدا كۆز يېشى قىلىشىدۇ . مۇراسىمغا داخىل

بولغان بارلىق ئەھلى جامائەت دىللىرىغا «ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!» دېگەن ئاق تىلەكنى پۈككەن ھالدا مېنىڭ ئۇ دۇنيالىقىم ئۈچۈن دۇئا بېرىشىدۇ...

مەن شۇنىڭغا قايىل ۋە رازى - رىزادۇرمەنكى، ئاقتىن بار بولدۇم، ئاقتىن تۇغۇلدۇم؛ ئاققا يۆلەندىم، ئاققا يۈزلەندىم؛ ئاقتىن كۈچ ئالدىم، ئاققا يول سالدىم؛ ئاقتىن نۇر ئالدىم، ئاقتىن ئۇلغايدىم؛ ئاققا قانمىدىم، ئاقتىن تانمىدىم؛ ئاقتىن قاچمىدىم، ئاق بىلەن ياشىدىم؛ ئاق بىلەن ياشايمەن، ئاق بىلەن ئۇزايمەن!

ئاقلىق — پاكلىقنىڭ نامايەندىسى؛ ئاقلىق — ساپلىقنىڭ چىن نىشانىسى؛ ئاقلىق — سەممىيلىكنىڭ سىمۋولى؛ ئاقلىق — ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى؛ ئاقلىق — ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى؛ ئاقلىق — گۈزەللىكنىڭ سىيماسى؛ ئاقلىق — پاك تۇيغۇنىڭ جۇلاسى؛ ئاقلىق — يورۇقلۇقنىڭ بېشارىتى؛ ئاقلىق — چىن ۋىجداننىڭ ئۆز خىسلىتى؛ ئاقلىق — يارقىنلىقنىڭ ئىزناسى؛ ئاقلىق — ئەركىنلىكنىڭ تەشناسى؛ ئاقلىق — ھالاللىقنىڭ ئالامىتى؛ ئاقلىق — ئادىللىقنىڭ تارازىسى؛ ئاقلىق — كائىناتنىڭ سېھرىي قىسمىتى؛ ئاقلىق — تەبىئەتنىڭ بۈيۈك ھىممىتى؛ ئاقلىق — ھەممە رەڭلەرنىڭ سەردارى؛ ئاقلىق — بارچە ئالەمنىڭ مادارى!

## ئېھ، مېنىڭ ئۈچ بارمىقىم

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىمدا ئوڭ قولۇمدىكى باشمالتاق، بىگىز بارماق ۋە ئوتتۇرانچى بارماقتىن ئىبارەت ئۈچ بارمىقىمنىڭ ھېچ نەرسە سەزمەس ۋە ھەرىكەتلەنمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ھەمدە شۇ ھامان قولۇم-

نىڭ بېغىشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە بارماقلىرىمنى ئۇۋۇلاش ئارقىلىق جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتىم . خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان ھەپىلىشىشلەر ئارقىلىق بارماقلىرىمنىڭ سېزىمچانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ ، يەنە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاسارىتى قېلىپ قالدى . كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ قورقۇنچلۇق ھادىسە مېنى چوڭقۇر ئويلارغا سالدى . بەدىنىمدىكى باشقا ئەزالىرىمدا ھېچقانداق يېقىمسىزلىنىش بولمىغانلىقى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى تەھقىقلەشتۈرۈپ كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن ، دەرھاللا قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم ھەمدە كۆڭلۈمدىن كەچكەن ئويلىرىمنى يېزىشقا باشلىدىم :

ئايغىم بىلەن تىلىم يېڭىدىن چىققان بولسىمۇ ، لېكىن ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان چېغىمدا ، ئانامنىڭ ئىككى كۆكسىدىكى توپچەكلەرنى ئەنە شۇ ئۈچ تال بارمىقىم بىلەن تارتىپ چىقىرىپ ئېغىزىمغا سېلىۋالغان ۋە ئۇنى راسا قانغۇچە ئېمىپ تەشنالىقىمنى قاندۇرغان بولغىيتتىم . ئۇياق ـ بۇياققا پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يىقىلىپ چۈشكەنلىرىمدە ئەنە شۇ بارماقلىرىم بىلەن يەرنى تىرەپ دەس تۇرۇپ كەتكەن بولغىيتتىم . ئۆزۈم يېيەلىگۈدەك ئاش ـ تائاملار ئالدىمغا قويۇلغاندا ، ئۇلارنى ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن چىمچىپ ئېلىپ يەپ قورسىقىمنى تويغۇزغان بولغىيتتىم . ئاتا ـ ئانام ، قېرىنداشلىرىم ۋە باشقا مېھرىبانلىرىمنىڭ كۆيۈنۈش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن ماڭا تەڭلىگەن قەنت ـ گېزەك ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئەنە شۇ بارمىقىم بىلەن قولۇمغا ئېلىپ ، خۇشاللىق ئىلكىدە يېگەن ياكى شۇمۇگەن بولغىيتتىم . ئايلار ئۆتۈپ ، يىللار ئۆتۈپ ئازراق چوڭايغىنىمدا ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن چوكا ۋە قوشۇق تۇتۇشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگەنگەن بولغىيتتىم .

ئوقۇش يېشىمغا توشۇپ مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى كۈنىدىن باشلاپلا يەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن قېرىنداش تۇتۇشنى

ئۆگەندىم ھەمدە شۇ قېرىندىشىم بىلەن سۈتتەك ئاپئاق قەغەز ۋە
دەپتەرلەرگە خەت ۋە سىپىرلارنى يېزىشقا باشلىغىنىمدا چەكسىز
خۇشاللىققا بۆلەندىم . ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن يەنە قەلەم
ۋە بورلارنى تۇتۇپ ، ئىلىم - پەننىڭ تاغ - داۋانلىرىدا ئۆرلەش
ئىمكانىيىتىگە مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىم ھېلىمۇ يادىمدا ، يەنە شۇ
ئۈچ بارمىقىم بىلەن موي قەلەم تۇتۇپ ھايات كارتىنىلىرى بىلەن
تەبىئەت مەنزىرىلىرى تەسۋىرلىنىپ سىزىلغان ھەر خىل رەسىم-
لىرىم ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا . مەن ئاشۇ ئۈچ بارمىقىمنىڭ ياردى-
مى بىلەن بوۋاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ئوڭ بولدۇم ، قاتارغا قېتىلىپ
چوڭ بولدۇم . قانات چىقىرىپ ئۇچۇرما بولدۇم…

مەن ، كۆڭلۈمگە نەسىل - ئەۋلادىمىزنىڭ مەسۇم قەلبىگە
ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ ، ئۇلارنى ھايات سەپىرى-
دە دادىل ئىلگىرىلەيدىغان غايىلىك ، بىلىملىك ، ئەخلاقلىق ۋە
جاسارەتلىك چىن ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتەك ئارزۇ - ئار-
مانلارنى پۈككەن ھالدا ساۋاق مۇنبىرىگە چىققان چېغىمدا ، ئۆز
ئىشىمنى يەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن باشلىۋەتتىم . پۈتكۈل
ۋۇجۇدۇم ، ئەجىر - ئەمگىكىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىمنى ئەنە
شۇ ئۇلۇغۋار ھەم جاپالىق ئىش ئۈچۈنلا بېغىشلاپ ، راھەت -
پاراغەت ، ئەيش - ئىشرەت ، ئەمەل - دۆلەت ، نازۇنېمەت ۋە
شانۇشەۋكەتلەرنى تەرك ئەتتىم . ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن
چېچىلغان ئۇرۇقلارنىڭ بىخ ئۇرۇپ مايسىلاپ ، باراقسان بولۇپ
چېچەكلەپ ۋە يېتىلىپ مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە ، شاد -
خۇراملىق ئىلكىدە قاتتىق ھاياجانلانغان بىغۇبار قەلبىم ئىختىيار-
سىز ھالدا داۋالغۇپ كەتتى . نەچچە ئون يىللىق ئەجىر - ئەمگەك-
لىرىمنىڭ شاراپىتىدىن كۆپتىن ماڭا يانغان چەكسىز ئىززەت ،
قەدىر - قىممەتلەردىن مەمنۇنلۇق بىلەن قانغۇچە بەھرە ئالغىنىم-
دا ، ئۆمۈر يولۇمدىكى تۈرلۈك - تۈمەن كەچۈرمىشلىرىمنىڭ
يارقىن شاھىتى بولۇپ ، قاردەك ئاقارغان ئاپئاق بېشىم كۆككە

يەتتى . ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم مېنى قۇرامىمغا يەتكۈزدى ، چىن ۋايىمغا يەتكۈزدى ۋە مۇرادىمغا يەتكۈزدى ھەمدە سائىنسترلىغان ئىنتىلىش ، تىرىشىش ، تىرمىشىش ، ئىزدىنىش ، ئېلىشىش روھلىنىش ۋە كۈچ سىلىنشلارنىڭ ھاسىلاتى بولغان ناز ۇ نېمەت ، شېرىن ـ شەربەتلەرنى ئېغىزىمغا تەگكۈزدى...

ئۆمرۈمنىڭ ، ئارامغا چىقىشىم بىلەن باشلانغان كېيىنكى مەنزىلى يەنىلا ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىمنىڭ ھەمراھلىقى ۋە ھەمكارلىقىدا ئارامخۇدا ئۆتۈۋاتىدۇ . كۆڭلۈمگە پۈككەن ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ھەر خىل ئىشلىرىم ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىمنىڭ قىلچە مىنىنەتسىز ئەمگىكى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك پۈتۈۋاتىدۇ .

مەن ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن پاك ۋىجدانىمدىن ئۆرلىگەن ياڭراق سادالارنى نەزمىلەرگە پۈتتۇم ، پۈتۈۋاتىمەن ۋە توختىماستىن پۈتمەكتىمەن ، مەن يەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم بىلەن ، كاللامدا تۇغۇلغان ئوي ـ پىكىر ۋە كۆڭۈل كۈيلىرىمنى تۈجۈپىلەپ يازدىم ، يېزىۋاتىمەن ۋە ئاداققىچە يازماقچىمەن . قىسقىسى ، مەن ئەنە شۇ ئۈچ بارمىقىم ئارقىلىق ، بىپايان ۋە سىرلىق بولغان پىكىر ئايۋىنىنى چەكتىم ، چەكمەكتىمەن ۋە چەكمەكچىمەن ، مەن يەنە شۇ ئۈچ بارمىقىمنى تايانچ ۋە قەلىمىمنى ياراغ قىلىپ ، تەپەككۇر ئاسمىنىمنى كەزدىم ، كەزمەكتىمەن ۋە كەزمەكچىمەن .

ئۈچ بارمىقىم — مۇبارەك تېنىمنىڭ مۇقەددەس ئەزاسى ، ھايات قېنىمنىڭ يارقىن نامايەندىسى ، تىرىكلىكىمنىڭ روشەن نىشانىسى ، ئۆمۈر سەپىرىمنىڭ ھەقلىق گۇۋاھچىسى ، پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ ھارماس غەمخورچىسى ، بارلىق ھەرىكەتلىرىمنىڭ خالىس ياردەمچىسى ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ سادىق ئىجراچىسى...

ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن راستىمنى ئېيتسام ، ئاشۇ ئۈچ بارمىقىمنىڭ ئۆنچىۋالا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھازىرقىدەك بىلەل-

مەپتىكەنمەن ، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ھەقىقەتەن يېتەلمەپتىكەنمەن ؛ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىمدىكى ئەھمىيەتلىك رولىنى سېزەلمەپتىكەنمەن ؛ ئۇلارنىڭ ئەزىز تېنىمدىكى ئەتىۋارلىق ئورنىنى تېرەن ھېس قىلالماپتىكەنمەن ؛ ئۇلارغا كۆيۈنۈش ، ئۇلارنى ئاسراش ۋە ئۇلارنى ئىززەتلەشتەك مۇقەددەس بۇرچۇمنى راسا بابىدا بەجا كەلتۈرەلمەپتىكەنمەن .

ئۈچ بارمىقىمنىڭ بۈگۈنكى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشى مېنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغاتتى .

ئەمدى مەن ھەممىنى بىلدىم ھەمدە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم . ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكىم — ئۆزۈمگە كۆيۈنگەنلىكىم ؛ ئۇلارنى ئاسرىغانلىقىم — جېنىمنى ئاسرىغانلىقىم ؛ ئۇلارنى ئىززەتلىگەنلىكىم — تېنىمنى قەدىرلىگەنلىكىم ؛ ئۇلارنى ئۇخلاتمىغانلىقىم — ئۆمرۈمنى ئۇزاتقانلىقىم .

ئېھ ، مېنىڭ ئۈچ تال بارمىقىم ، سىلەر — مېنىڭ قەدرىم ، بارلىقىم ! سىلەرنىڭ ساغلاملىقىڭلار — مېنىڭ ئامانلىقىم ؛ سىلەرنىڭ چىداملىقىڭلار — مېنىڭ جاسارىتىم ؛ سىلەرنىڭ ئىشچانلىقىڭلار — مېنىڭ كارامىتىم ؛ سىلەرنىڭ تالماسلىقىڭلار — مېنىڭ دارامىتىم ؛ سىلەرنىڭ ئەجىر - تۆھپەڭلار — بۇ دۇنيالىق تاپقان - تەرگىنىم ؛ سىلەرنىڭ شېرىن مېۋەڭلەر — ئەل مېھرىگە بەرگەن بەدىلىم .

خۇددى مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنياغا قاچان سەپەر قىلىدىغانلىقىمنى بىلەلمىگىنىمدەك ، سىلەرنىڭمۇ قاچانغىچە ئامان - ئېسەن تۇرالايدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلمەيمەن . شۇنداقتىمۇ ، سىلەرنى ماڭا بىمەھەل ۋاپاسىزلىق قىلارمىكىن دەپ ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن . شۇڭا ، سىلەرنى ئاخىرقى دېمىمگىچە قەدىرلەپ ئاسرايمەن . چۈنكى ، مەن سىلەرنىڭ مەدىتىڭلار بىلەنلا بەخىرامان ياشىيالايمەن . بىز بىللە ياشايمىز ، بىللە كېتىمىز ، ئارمان - ۋىسالغا ھامان يېتىمىز . مەن سىلەر بىلەن بىللە لەھەتكە كىرىپ كەتكەندە ، بۇ

دۇنيادا پەقەت سىلەرگە تايىنىپ پۈتكۈزگەن ئەجىر ـ ئەمگەكلە-
رىمىنىڭ مېۋىلىرى قالىدۇ ، نام ـ ئەمىلىمنىڭ ئايلىنىپ بولغان بۇ
يادنامىلەر هايات قالغانلارغا روھ ، زوق ۋە كۈچ ئاتا قىلالىسا،
ئەل ـ يۇرتۇم مېنى سېغىنىش بىلەن يادىغا ئالىدۇ !

www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم نىياز

# يۈرىكىم پىچىرلايدۇ

## 1

قۇياش ھەر كۈنى يورۇقلۇق چېچىۋەرمەيدۇ. ئويلا، ئۈنىڭمۇ بۇلۇتلۇق ئاسمىنى بار! ساڭا ئامەت ئىسسىق قويىنىنى ئاچقان چېغىدا، ئەس - ھوشۇڭنى يوقاتما، ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ساڭا نېمىنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭدە تۇت. شۇ چاغدىلا ئادىمىلىك يولىدىن چەتنەپ كەتمەيسەن! ! !...

## 2

بىراۋغا قىلغان ئەقىدەڭنىڭ خورلانغانلىقىنى ھېس قىلغىنىڭدا، دەرھال ئۆزۈڭگە قايت! شۇندىلا ئادىمىلىكىڭ ۋە كىشىلىك غۇرۇرۇڭ سەندىن نەپرەتلەنمەيدۇ.

## 3

ھاياتنىڭ تۆت كوچىسىدا تېڭىرقاپ قالدىم. ئالدىمدا ئىككى يول تۇراتتى. مەن ئاخىر بارسا كەلمەس يولنى تاللىۋالدىم. چۈنكى، بۇ يول ئارقىلىق يا ھەممىگە ئېرىشكىلى، يا بولمىسا ھەممىدىن بىراقلا جۇدا بولۇپ، مەڭگۈلۈك ئارام تاپقىلى بولاتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4

گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى مېنى مەست قىلغاندا ، سەن يادىمغا كەلدىڭ ئامرىقىم ! مەن چىرايلىق ئېچىلغان ئەتىرگۈلگە قاراپ سېنىڭ چوغدەك لەۋلىرىڭنى ئەسلەپ قالدىم . راست ، سەن بىر تال گۈل ئەمەسمۇ ؟ ! گۈل سولىدۇ ، ئەمما سەن مەڭگۈ مېنىڭ سولماس گۈلۈمدۇرسەن ئامرىقىم…

## 5

ئوغلۇم ، ساڭا يۈرىكىم كۆيىدۇ . سېنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ چوڭ قىلدىم ، سېنى مەڭگۈ بېشىمدا كۆتۈرۈشكە رازىمەن ، ئەمما ساڭا كۆيگەن يۈرىكىمنى بىر قېتىم بولسىمۇ چۈشەنسەڭ ، سەن ئۇچۇن غەم - ئەندىشىگە چۆمگەن قەلبىمنى قۇچاقلاپ قويساڭ ، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى…

ئوغلۇم ! ھايات دېڭىزىدا غەۋۋاستەك ئۈزۈشنى ئۆگەن ! سەن نۇسرەت چوققىسىغا چىقساڭ ، مەن ئاي شارىغا چىققاندەك بولىمەن ، شۇ چاغدا ئەل - جامائەتكە : «مېنىڭ ئوغلۇم يۇلتۇزنى ئۈزۈپ چۈشىدىغان ئادەم بولدى… » دەپ جاكار قىلىمەن…

بىلەمسەن ، ئوغلۇم ! سەن مېنىڭ يىلتىزىم ئەمەسمۇ ؟ سەن بىلەن مېنىڭ ھاياتلىق دەرىخىم كۆكلەپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ ! ! !

## 6

كۈنداشلىق مۇھەببەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر . ئۇ مۇھەببەتنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن قۇلۇڭغا چىقىدىغىنى بىر سىقىم ھەسرەت كۈلى ، خالاس ! ئەمما ياخشى كۆرۈشنىڭ يەنە بىر شەكلىدۇر .

## 7

بۇگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى ، ساڭا ئەڭ چىرايلىق بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلماقچىدىم ، مەن گۈللەر دۇنياسىدا تۇرۇپ سېنى ئەسلىدىم ، ھەممە گۈللەر خۇددى ئۆزىنى ساڭا كۆز- كۆز قىلماقچى بولغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى . مەن چوغدەك قىزىل ئەتىرگۈلگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم ۋە «قىزىل ئەتىرگۈلدىن بىر تال سوۋغا قىلاي ، چۈنكى بىر تال گۈل قەلبىمدە پەقەت سىز بىرلا ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ » دەپ ئويلىدىم .

گۈلچى قىز توختىماي سۆزلەيتتى :

— بىر تال ئالسىڭىز پىخسىقلىق قىلغان بولمامسىز . ئۈچ تال ئېلىڭ «مەن سىزنى سۆيىمەن » دېگىنىڭىز بولىدۇ ؛ بەش تال ئالسىڭىز «مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن » دېگىنىڭىز بولىدۇ ؛ يەتتە تال ئالسىڭىز «ھەر كۈنى سىزنى ئويلايمەن » دېگىنىڭىز بولىدۇ ؛ توققۇز يۈز توقسان توققۇز تال ئېلىڭ ، بۇ — «دۇنيادا سىزنىلا سۆيىمەن » دېگىنىڭىز بولىدۇ .

مەن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ خۇددى بىر ئالدامچىلىق دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم . بىلەمسەن گۈزىلىم ، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى چوقۇم گۈل ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرتمىدى ؟ مەن ساڭا چوغدەك يۈرىكىمنى بېرەي ، ئۇ گۈلدىنمۇ چىرايلىق ئەمەسمۇ !

مەن گۈل دۇنياسىدىن قايتىپ چىقتىم ، سېزىۋاتامسەن گۈزىلىم ! شۇ تاپتا مېنىڭ يۈرىكىم چوغدەك يېلىنجىماقتا .

## 8

ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ، ئادىللىق

ۋە ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەيدانىغا كىرىپ قالغىـ
نىڭدا ، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىكىڭنى ئويلا ! پەقەت ھەقـ
قىي ئادەم بولغىنىڭدىلا ، رەزىللىككە جەڭ ئېلان قىلالايسەن . شۇ
چاغدىلا سېنىڭ ۋىجدانىڭ مەردانىلەرچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، «مەن
ھەممىدىن غالىب كېلەلەيمەن !» دەپ چۇقان سالالايدۇ .

## ئۇزۇلمەس يىپلار

### 1

سەن ھۇپپىدە ئېچىلغان ئەتىرگۇلگە ئوخشايتتىڭ . سەندىن تارقىلىپ كېلىۋاتقىنى ئاشۇ ئەتىرگۇلنىڭ ھىدى ئىدى . سەن ئاشۇ ھىدلىرىڭ بىلەن مېنى تالاي قېتىم مەست قىلغانىدىڭ . ئۇنتۇمايمەن سېنىڭ گۇلدەك كۇلۇشلىرىڭنى…

### 2

سەن بۇلۇتنى يېرىپ چىققان تولۇن ئاي ئىدىڭ ، مەن دائىم ساڭا قاراپ تىكىلگىنىمچە ئايىغى چىقماس خىياللارغا غەرق بولاتتىم . ئاشۇ چاغدىكى خىياللار تولىمۇ شېرىن ، تولىمۇ شېرىن بولاتتى . مەن سېنى غايىبانە سۆيەتتىم . ئۇنتۇمايمەن دىلرەبا ، غايىبانە سۆيۈشلىرىڭنىڭ تاتلىقلىقىنى…

### 3

مەن دالىدا ئۆزۈمنى يىتتۇرۇپ قويدۇم . چۈنكى ، ئۇ يەردە



www.uyghurkitap.com

ساڭا ئوخشايدىغان نۇرغۇن قىزلار بار ئىدى . بىردىنلا سەن ئال-
دىمغا چىقىپ كەلدىڭ . مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماق بولۇپ ساڭا
ئېيتىلدىم ، ئىككىمىز بىر هازا قوشۇلۇپ كەتتۇق…

## 4

بىز ئايرىلغان دەقىقىدىكى مەنزىرە ئېسىڭدىمۇ ؟ ئاشۇ دەقى-
قىدە كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن يېشىمنى كۆكسۈڭگە دەپنە قىلغان-
دىم . سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭمۇ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ، كۆزلىرىڭ
ماڭا قاراپ ئىنتىلمەكتە ئىدى . مەن يىگانە كۆڭلۈمدىن ئۇرغۇپ
چىققان يىگانە كۈيلىرىمگە سېنى قوشۇۋەتتىم… ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ
هىجران دەقىقىسىنى…

## 5

بۇلۇت بىلەن تاغ ئۇچراشقان جايدا بىز پات - پات ئۇچرى-
شىپ قالاتتۇق . سەن بۇلۇتتەك يۇمران بارماقلىرىڭ بىلەن ماڭا
هارارەت بېغىشلايتتىڭ . ئاشۇ جايدا بىز دۇنيانى ، دۇنيا بىزنى
ئۇنتۇپ كېتەتتى . مەيىن شامال بىزگە ئاتاپ تەمبۇر چالاتتى…
سەكراتتا ياتساممۇ ئەستىن چىقماس بۇ كۈيلەر…

## 6

هاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى بەخت قۇشىمىزنى ئۇچۇرۇپ
كەتسە ياش تۆكمە ! چۈنكى ، مەن بېشىڭغا قونغان بەخت قۇشى-
دۇرمەن ، سەنمۇ بېشىمدىكى بەخت قۇشى .

www.uyghurkitap.com

## 7

مەندە پەقەت بىرلا يۈرەك بار . شۇڭا يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىققان سۆيگۈ ساڭىلا خاس . ئۆمۈر بويى ۋاپادار نىگاردىن بىرىسىلا سۆيسەم ، شۇ ماڭا كۇپايە ، دىلبىرىم !

## 8

باغرىمدىكى جاراھەت ئىزىغا قارا ، لەيلى ! ئۇ ، سىنىڭ بىر چاغدىكى كەشپىياتىڭ ؟ ! مەن سىنىڭ كەشپىياتىڭنى قەدىرلەپ ساقلاۋاتىمەن ، گويا سىنى قەدىرلىگەندەك ، مەن ئۇنى پات ـ پات سىلاپ قويىمەن ، گويا سىنىڭ يۈزۈڭنى سىلىغاندەك…

## 9

مەن ئۆلۈپ كىتەر بولسام ، روھىمنى قىشىڭدا قالدۇرىمەن . سەن ئۆلۈپ كىتەر بولساڭ سۈرىتىڭنى ماڭا بەر ! ئۇ دۇنياغا مەن ئالغاچ باراي… چۈنكى ، ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا تەسەللى بولمايدۇ…

## 10

دوزاختا مەھكۇم بولساممۇ ، ۋىجدانىمنى ساتمايمەن . ئاتامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، پاك كەلگەندەك ، پاك پىتى كىتىمەن… يالىڭاچ قالساممۇ ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ ، تىلىكىدەك ئىپلاسلىقنى ھەرگىز قىلمايمەن . چۈنكى ، ئاخىر ئۆلىدىغان بىر كۈن…

# گۈللەر ئاۋازى

## بەخت ئىزدەش

مەن ھېلىھەم ئاشۇ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭگە مەڭگۈلۈك بەختىم يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلىمەن . مېنىڭ بەختىم كىرپىكلىرىڭ ئاستىدا سايىداۋاتقان دەقىقىلەردە ، مېنى ئەسكە ئالامسەن ، دىل-بەر !... بەلكىم ، بەخت بىلەن بەختسىزلىك بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان جايدا ، پىلىسرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، ھايات ۋە ماماتنىڭ پاسىلىدا كۈلكە بىلەن كۆز ياش جەم بولغان جايدا... ئىككىمىزنىڭ بەختى بىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ... لېكىن ، مېنىڭ بەختىم سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا ، كۆزلىرىڭگە ، لەۋلىرىڭگە ... سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭغا سىڭىپ كەتتى !...

## كۈز ياپراقلىرى

ياپراقلار تۆكۈلمەكتە . ياپراقلىرىدىن ئايرىلغان شاخلار پەر-زەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىلاردەك تولىمۇ مەيۈس ، غەمكىن كۆرۈنىدۇ ، ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى ، كۆڭلۈم غەش...

بىردىن ياپراقلاردىن ئىندا كەلدى...

— بىز ئەمدىلا ھەممىنى چۈشەندۇق . بىز ئەسلىدە شاھ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندا ، ھاياتلىقنى مەڭگۈ شۇنداق شەپ ئويلىغا-نىكەنمىز . ئەپسۇس ، دۇنيا قالىدىكەن . ھاياتلىق خۇددى گۈلگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا توزۇپ كېتىدىكەن . باھار ھېچقانداق جانلىققا باقىمەندە ئەمەس ئىكەن . بىز ھاياتنىڭ سىرىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىدىكەنمىز . شۇ چاغدىلا شېرىن بىر ئازابنى ھېس قىلىدىكەنمىز .

ياپراقتىن كەلگەن ئىندا مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى... راست ،

بىز ئادەملەر ھاياتنى قانچىلىك سۆيەلىدۇق !

## قىز

ماڭا تىكىلىپ قارا ! ئۆز ئەركىڭ ، ئىختىيارىڭ بويىچە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراۋەر... مەن سىنىڭ ھەر بىر ئەزالىرىڭغا قەدەر ئۆز مەيلىمچە تىكىلىمەنۇ ، سەن نېچۈن كۆزلىرىڭنى ئېلىپ قاچىسەن ؟... كۆرۈۋاتىمەن ، كۆڭۈل كۆزلىرىمدە ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن . خىجىل بولۇۋاتساڭ كېرەك ، كۆڭلۈڭدىكىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىڭ . كۆزلىرىڭ ، يۈرىكىڭ سۆزلەۋاتىدۇ . بىلىمەن ، سەن مېنى سۆيىسەن ، ماڭا ئاشىقسەن...

جاھاندا گۈل ـ گىياھنىڭ ، ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ ، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭمۇ جۈپتى بولىدۇ . ئاشۇلارمۇ ئۆز كۆڭلى بويىچە ياشايدۇ . بىزچۇ ؟ ئەجەبا ، ئاشۇلارچىلىك بولالمىساق ـ ھە !

قورۇنما ، قىلچە ئىككىلەنمە ! ئۆز كۆڭلۈڭدىكىنى سەنمۇ روياپقا چىقىرىشىڭ ، كۆيۈۋاتقان يۈرىكىڭنى ئالىقىنىڭغا ئالالايدىغان بولۇشۇڭ كېرەك ، چۈنكى سەن ھەممىدىن غالىب كېلەلەيدىغان ئادەم !...

## گۈللەر ئاۋازى

يالپۇزدەك يۇمران ۋە سەبىي تەبەسسۇمۇڭدا ، ئەقىل قۇشۇمنى قاناتلاندۇرۇپ ، شېئىردەك تاتلىق بىر تۇيغۇنى بەخش ئەتكىنىڭدە قانداقمۇ شېئىر يازماي تۇرالايمەن ! چۈنكى ، سەن ، مەن يازماقچى بولغان شېئىرنىڭ نەپەسلىرىدە تۇرساڭ...

*　　　*

يىراقتىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر مېنى ھاياجانغا سالغاندا، كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا پاتىمەن. شۇ چاغدا سېنىڭ تەنها ئەتىرگۈلدەك ئوماق سىيمايىڭ تەبەسسۇم ئىلكىدە قېشىمدا زاھىر بولىدۇ. كۆزۈمنى ئاچماستىن سېنى چاقىرىمەن:

— تارتىنما، كەل، كېلىۋەر، يېقىنراق كەل!...

*　　　*

سۆيگەن قىزلار بولمىسا ئەگەر، مەنىسىنى يوقىتىدۇ بۇ جاھان...

*　　　*

بىلمىدىم، بەخت قۇشۇمنى قاچان ئۈركۈتۈپ قويدۇمكىن، تېخىچە قايتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس. كۆزلىرىم تالدى، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ...

*　　　*

سوئاللار ئىچىدە ياشا! سەن ئۆزۈڭگە تاشلىغان سوئاللار ھاياتىڭنى مەنىلەر قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ.

*　　　*

سەن — يىراقتىكى تەبەسسۇم، مېنى ھەسرەتتە، پىغاندا

قويۇۋاتقان نەرسە دەل يىراقتىكى تەبەسسۇمۇڭ…

*　　　*

بىز جۇدالاشقان شۇ كۈن ئېسىڭدىمۇ؟ يۈرىكىم ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ساڭا ئاقىول تىلىگەنىدى. ئېسىڭدىمۇ، سۆيۈشلىرىم شۇقەدەر قاتتىق ئىدى. بىز ئۈنسىز ياش تۆكۈپ خەيرلەشكەنىدۇق…

*　　　*

سېغىنىش سۆيۈش ئۈچۈن ئەمەس. سۆيۈش — يۈرىكىڭدە جاراھەت ئىزى قالدۇرىدۇ، گەرچە ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە پۈركەنسىمۇ…

*　　　*

قىزنىڭ چۈشى بۇزۇلغان دەقىقە، مەن ھاياتلىقنىڭ قىسمىتىنى بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقان دەقىقىدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

مەريەم مۇھەممەد

# گۈلنىڭ بايانى

## 1

سەن ئۇنى چىن يۈرىكىڭدىن سۆيۈپ قالغانلىقىڭغا تەن بەر-
دىڭ . كېچىككەن بۇ سۆيگۈ سېنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالاتتى-
كى ، سەن سۆيگىنىڭنىڭ قۇچىقىدا ۋىسال شارابىنى ئىچىۋاتقى-
نىڭدىمۇ ، سېغىنىشتىن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ ، بۇ دۇنيانى تەرك
ئەتكىنىڭدىمۇ ، سەلدەك ئاققان كۆز ياشلىرىڭنى توختىتالمىدىڭ .
سەن بەختلىك ھەم بەختسىز ئىدىڭ . بەختلىكلىكىڭ — بىر
ئۆمۈر يەتكۈدەك مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشكىنىڭ ، بەختسىزلى-
كىڭ — بۇ سۆيگۈنىڭ ساڭا بەكمۇ كېچىكىپ نېسىپ بولغانلىقى-
دا .

## 2

سەن چۈشلىرىڭدە «ئاق ئاتلىق شاھزادە»نىڭ بىر دەستە
ئەتىرگۈلنى تۇتقىنىچە ، ساڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭ .
ئۇنىڭ قولىدىكى ئەتىرگۈل سېنىڭ چىرايلىق يۈزۈڭدەك جۇلالىق
ئىدى . خۇش ھىدى دىماغلىرىڭغا ئۇرۇلۇشى بىلەن سېنى مەست
قىلىپ ، ۋۇجۇدۇڭنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى . چەكسىز

www.uyghurkitap.com

خۇشاللىق ئىلكىدە سىنى بەختىيارلىقتا چۆمدۈرگەن ئەتىرگۈلنى ئۆزۈڭگە ئىسىمداش قىلىپ تاللىۋالدىڭ. سەن ئەمدى ئاشۇ شاھزادىنىڭ گۈلى ئىدىڭ، شەكسىز شۇنداق ئىدىڭ...

## 3

قۇلاق ـ مېڭەڭنى يەپ كەتكۈدەك مەنىسىز، يېقىمسىز، كۈندە تەكرارلىنىۋېرىدىغان ئاۋازلاردىن، مېڭىشنى خالىمىساڭمۇ كۈندە نەچچە رەت مەجبۇريي ئاياغ باسىدىغان يولدىن، ئەتراپىڭدىكى سېنى بۇرۇقتۇرمىلىقتا مەھكۇم قىلىدىغان مۇھىتتىن شۇنچىلىك بىزار بولغىنىڭغا باقماي سەن يەنىلا تەقدىرىڭ ساڭا ئاتا قىلغان بۇ «ئىلتىپاتى»دىن بەھرىلىنىشكە مەجبۇرسەن.

## 4

جاھاننى توپان بالاسى قاپلىغاندەك ھەممىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن قاتتىق بوراندا ھەممە جانلىق ئۆز ئۇۋىسىغا تىقىلىۋالدى. پەقەت قەلبىڭدىكى مۇقەددەس سۆيگۈلا ئانا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان بۇ چاقچىقىدىن بىخەۋەر ھالدا ئاشىقلىق مۇقامىغا نەغمە قىلىۋاتاتتى.

## 5

«ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» بۇ سۆزنى كىم قىلغان بولغىيتتى ساڭا؟... سەن راستتىنلا ئۆز تەقدىرىڭنىڭ تۆمۈرچىسى بولساڭ ھايات مۇساپەڭنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى يۇ-

رەك شەكلىدە سوقۇپ ، مەشۇقۇڭنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قوي !

## 6

«سېنى ئەمدى قايتا كۆرمەي» دېدىڭ ئاشىقىڭغا رەھىمسىز-لەرچە . ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭدىن خۇدىنى يوقىتىپ ، ئالدىڭدىلا جان بەردى . «ئاھ ، سېنى سۆيەتتىم» دېدىڭ ئازابقا چىدىماي نالە قىلىپ . سەن ئاشىقىڭ هايات چېغىدا ، ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن «جان» ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاشتىن نومۇس قىلغانمىدىڭ ؟

## 7

كۆزلىرىڭ بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، مەڭ-گۈلۈككە يۇمۇلدى . لەۋلىرىڭدە ئاجايىپ بىر تاتلىق كۈلۈمسىـ-رەش مەڭگۈلۈككە قېتىپ قالدى . سەن ئاشۇ كۈلۈمسىرىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۆز ياشلىرى بىلەن باقىي ئالەمگە ئۇزىتىپ قويغان مەشۇقۇڭغا تەسەللى بەرمەكچىمىدىڭ ؟ !

## 8

ۋىسال بىلەن هىجران دوست ئىدى . ئۇلار ئەلمىساقتىن تارتىپ مەڭگۈ ئايرىلماس قوشماقلاردىن بولۇشقا ۋەدە قىلىشقان تۇرسا ، بىز ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشقا مەجبۇرلىساق ئادىللىق بولارمۇ گۆهىرىم ؟ !

## 9

سەن ئىلاجسىزلىقتىن مەشۇقۇڭنىڭ يېنىدىن كېتىشكە مەج-

www.uyghurkitap.com

بۇر بولغان بولساڭمۇ ، مەشۇقۇڭ سېنى يەنىلا ۋىجدانسىز ھېساب-
لاپ ، تەڭرىگە نالە قىلدى . سەن بىردىنلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ
قالدىڭ . سېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن باسقان قەدە-
مىڭنىڭ داۋاملاشماي قېلىشىمۇ ياكى مەشۇقۇڭنىڭ نالىسىنىڭ
تەڭرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ قېلىشىمۇ ؟ !

## 10

تەقدىرىڭدىن زارلانما . ئۆزۈڭنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن
مەنىسىز ھاياتىنى ئازاب ئىچىدە ئەسلىسەڭمۇ ، ئۈمىدۋار بولغىن .
سەن ئۆمرۈڭدە كىرىچتىن چىقىپ كەتكەن ئوقنىڭ ئارقىسىغا
يانغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ ؟

## 11

«بۇ جاھان ئۆتنە جاھان» ئىشەنمەمسەن ؟ ئىشەنمىسەڭ كۆ-
ڭۈل ئەينىكىڭگە قاراپ باق ، بىر چاغلاردا بىر ئاشىق زار – زار
يىغلاپ ، سېنىڭ ئاياغلىرىڭغا باش قويغانىدى . ھازىرقى ھالىتىڭ
ئاشۇ ئاشىقنىڭ تەقدىرى ئەمەسمۇ ؟

## 12

قۇرۇق سەپسەتەڭ بىلەن مەجنۇنلۇقۇڭنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇن-
ما . ھەقىقىي مەجنۇن ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئۈزۈپ ، لەيلىنىڭ
بويىنىغا مارجان قىلىپ ئېسىپ قويىدى .

## 13

سەن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭنى مەن ئارقىلىق ھېس قىلىدىغىنىڭنى ئېيتقىنىڭدا ھەيرانلىق ئارىلاشقان تۇيغۇلىرىم بۇنىڭ زادى قايسىمىزنىڭ يۈرەك ساداسى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى .

## 14

سەن ئۇنى كۈتتۈڭ . كۈتۈۋېرىپ چاچلىرىڭ ئاقىرىپ ، كۆزلىرىڭدىن گۆدەكلىك نۇرلىرى ئۆچتى ، بىلىڭمۇ مۈكچەيدى . سەن ئاخىرقى تىنىقلىرىڭدىمۇ ئۇنى كۈتۈش قارارىغا كەلگىنىڭدە ، ئۇنىڭ سەن بىلەن ۋىدالاشقىنىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەيتتىڭ .

## 15

سەن بىردىنلا ئۆز بەختىڭدىن گۇمانلىنىپ قالدىڭ . قەلبىڭنى مىنۇتسىرى قاپساۋاتقان گۇمان بۇلۇتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدا ، روھىيىتىڭدە ئۆز غالىبلىقىنى نامايان قىلىشقا ئۇرۇناتتى . سەن قىسىلدىڭ ، ئازابلاندىڭ . ئازابلىرىڭ چەكسىز ئىدى . ئاشۇ گۇمان بۇلۇتلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ ۋاقىتسىز چىللاپ كەلگىنىڭنى ئېتىراپ قىلغۇڭ كەلمەيتتى .

## 16

سەن ئاشىقىڭنى تەشنالىق بىلەن كۈتتۈڭ . كۈتۈۋېرىپ كۆز گۆھىرىڭ ئېقىپ تۈگىدى . سەن شۇ تاپتا ئاشىقىڭنىڭ سىنىك

كۈتۈشۈڭدىن بىخەۋەر هالدا قەلب سۆزلىرىدىن مارجان تىزىپ باشقا بىر گۈزەلنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىڭ .

## 17

سوغۇق شامال گويا ئەجدىهادەك هۇۋلاپ ، يوللار ۋە باغلاردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئالتۇن سىرغىلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەندە ، سەن كۆز يېشىڭنى يامغۇردەك تۆكۈپ ئاشىقىڭنى يىراق سەپەرگە ئۇزىتىپ قويدۇڭ . بەلكىم خۇشال كۈنلەر ساڭىمۇ نېسىپ بولۇپ ، باهار ساڭىمۇ شادلىق ئېلىپ كېلەر .

## 18

مەن گۈلدەك ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچقاندا ، سەن ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان پەرۋانىدەك ئەتراپىمدىن ئايلىنىپ كېتەلمىدىڭ . هاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى تەكرارلىنىپ ، گۈللىرىمگە ئۇششۇك تېگىپ توزۇشقا باشلىغاندا ، سەن ۋابادىن قاچقاندەك مەندىن يىراقلاپ كەتتىڭ . ئاشىقلىقىڭ شۇنچىلىكمىدى بىۋاپا جېنىم ؟ !

## 19

تاسادىپىيلا كۆرۈپ قالغان ناتونۇش گەۋدە ، ساڭا بەك ئوخشىغاچقىمۇ كۆڭۈل خاتىرەمدىكى ئەستىلىكلەرنى قوزغاپ ماڭا يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەردى . شۇنداقتىمۇ مەن مېنى ئازابلىغان ئاشۇ ناتونۇش گەۋدىنى مىغىلدىغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئىزدەشكە باشلىدىم . شۇ تاپتا سېنىڭ مەندە قالدۇرغان

قەلب جاراھىتىڭنى ئەمدى ئۇنتۇشقا باشلىغان ئاجىز يۈرىكىم سېنى تېپىۋېلىشقا كۆزلىرىمدىنمۇ بەكرەك ئالدىراپ تېپىچەكلەيتتى .

## 20

«گۈلۈم» دەپ قۇلاق تۈۋىمدە پىچىرلاشلىرىڭ تەكرارلانغانسېرى مەن سېنىڭ قەلب ئېتىزىڭدا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان توزۇماس بىر گۈلنىڭ قىشمۇياز ئېچىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ، سېنىڭ خالىس گۈلچى بولۇپ ، پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىڭ بىلەن پەرۋىش قىلىدىغانلىقىڭغا تېخىمۇ ئىشەندىم .

## 21

ئىنسان ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىنىڭ قەدرىنى ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئايرىلغاندا ئاندىن ھېس قىلىدۇ . بىراق ، مەن قەپەستىكى بەخت قۇشۇمنىڭ يەنىلا ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنى تەبىئەتنىڭ قوينىغا ئۆز ئەركىنى تېپىشىغا قويۇۋەتتىم . ئۇ ئانا تەبىئەت قوينىدا خالىغانچە يايراپ ، بىر كۈنلەردە ئۆزىنىڭ يەنىلا ئىللىق بىر ماكانغا تەشنا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا ، ئاندىن قايتىپ كەلسۇن .

## 22

مەن چۈشلىرىمنى ئوغرىلاپ ئالدىڭ . چۈشلىرىم خىياللىرىم بىلەن بىرلىشىپ ، مېنى تەسەۋۋۇرۇمدىكى دۇنياغا باشلاپ ماڭدى . مەن مۇساپەمدە شۇنچىلىك ئۇزۇن يول باستىمكى يۈزلى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

رىمدىن گۆدەكلىك ئۆچۈپ ، چاچلىرىم ئاقىرىپ ، بەللىرىم مۈك-چەيدى . بەلكىم ، سەن مەنزىلگە يەتكۈچە يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالار .

## 23

مەن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنى پەقەت سەن ئارقىلىقلا ھېس قىلا-لايدىغانلىقىمنى بىلىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم . ئازابلىرىم چەك-سىزلىككە يۈزلىنىپ ، ھايات يولۇمنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەت-تى . مەن ئاشۇ تۇمان ئارىسىدىن ئۆز بەختىمنى ئىزدەشكە باشلى-دىم . تۇمان بارغانسېرى قويۇقلىشىپ مېنى ۋە ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇناتتى . بىراق ، مەن ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە يەنىلا ئالغا قاراپ كېتىۋەردىم .

# ئاياللىق ئىلتىجالىرى

## 1

سەن كەتتىڭ .

ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە ، ئۈپۈقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا يۈزلىنىپ ھاياتلىق ناخشىسى ياڭراتقىنىمنى ، تولۇن ئاي-نىڭ پىنھاندىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسال شارابىدىن مەست-خۇش بولغان سەرخۇش ھالىتىنى تاماشا قىلىپ ، بۇلۇتلار ئارى-سىدا مۆكمۆكىلەڭ ئويناۋاتقانلىقىنى ، ساغا كۆڭۈل سۆزلىرىم-دىن دۇردانىلەر تىزىپ ساقلاۋاتقىنىمنى ھېس قىلالماي كېتىپ قالدىڭ .

## 2

سەن كەتتىڭ .
كۆزلىرىمدىكى تەشنالىق ئۇچقۇنلىرىغا قاراپمۇ باقماي ،
كۆكرەك قەپىسىمدە تىپىرلاۋاتقان يۈرىكىمنىڭ نالىسىگە قۇلاق
سالماستىن كېتىپ قالدىڭ .

## 3

سەن كەتتىڭ .
ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان مۇدھىش بورانلىق كېچىلەر-
دە ، قەلبىمدىكى يوقلۇق ھېسسىياتىمنىڭ ئاچ قالغان بۆرىدەك
ھۇۋلاۋاتقان بوران ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ ئەدەپ مېنى تېڭىرقاش
ۋە تەنھالىقنىڭ ئاچاللىرىدا قامغاقتەك خالىغانچە ئۇچۇرۇپ ماڭى-
دىغانلىقىمنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەي كېتىپ قالدىڭ .

## 4

سەن كەتتىڭ .
تاملىرى مەرمەردىن قوپۇرۇلغان ھەشەمەتلىك تاش قەلئەنىڭ
سۇرلۇك ، سوغۇق نۇر چاچراپ تۇرغان «ھۇجرىلىرى»غا ، مەن-
ۋىيىتىمىزدىكى قۇرغاق ھەسرەتلىرىم بىلەن تاشلاپ قويۇپ رە-
ھىمسىزلىك بىلەن كەتتىڭ .

## 5

سەن كەتتىڭ .
سەن كەتتىڭ ، نە قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋاسى ، خورازلارنىڭ

چىللاشلىرى ئاڭلانمايدىغان ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ، تاغ سۇلىرىنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇشى بىلەن قوشۇلۇپ يېقىملىق هايات سىمفونىيىسى هاسىل قىلالمايدىغان قىسقىسى ، ئانا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلىكى تۇپەيلى-دىن بارغانسېرى ئەسلىي گۈزەللىكىنى يوقىتىپ ، ۋەيران بولۇۋاتقان ، ئىگراۋاتقان جاراھەتلىرى بەدىلىگە ، شالغۇت مەدەنىيەت-نىڭ مەستخۇشلۇقىدا سېزىمىنى يوقىتىپ خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئادەملەر ئارىسىغا قىلچە ئىككىلەنمەي تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قال-دىڭ .

## 6

ماڭا ئىشەنگىن . ساڭا بولغان چىن ئەقىدەمنىڭ هامان پاك ۋە ساپلىقىغا ، ئەتراپىمدىكى ناموۋاپىق «مودا»لارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىمغا ئىشەن .

## 7

مېنى چۈشەنگىن .

بىتاب بولۇپ قالغانلىرىمدا ، سېنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان بىرەر ئېغىز سۆزۈڭنىڭ قەلبىمگە ھەرقانداق ئېسىل دورىلاردىنمۇ بەكرەك شىپالىق بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگىن .

مېنى چۈشەنگىن .

سېنىڭ ئورۇنسىز تەلەپلىرىڭگە ئۇن ـ تىنسىز بويسۇنغانلى-قىم ھەرگىزمۇ غورۇرۇمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئائىلى-مىزنى قوغدىغىنىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىن . ئائىلىمىزنىڭ ئىـ-ناقلىقى ئۈچۈن ، پەرزەنتىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت «قوش يۈك»نى زىممەمگە ئېلىپ كېلىۋاتقى-

نىمنى چۈشەن.

مېنى چۈشەنگىن.

خىزمىتىم ئالدىراش كۈنلەردە ئىشتىن ھېرىپ كەلگىنىمدە، ئالدىمغا بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى كۈلۈپ تۇرۇپ قويالمىغىنىمدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ، كەچۈرۈم سورىغىنىمدا ماڭا ئاچچىقلانما، ئاياللىق مەجبۇرىيىتىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغانلىرىمدا مەندىن رەنجىمىگىن. چۈنكى، بىز ئىككىمىز بۇ ئائىلىنى ئورتاق قۇرغان، مەنمۇ مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن ساڭا ئوخشاشلا چارچاۋاتىمەن. خاتىرجەم بولغىن، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئۆزۈمنىڭ بىر ئايال ھەم ئانا ئىكەنلىكىمنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەن. سېنىڭدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: كۆزلىرىڭدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەھرى، ۋۇجۇدۇڭدىن جەسۇرلۇقى، قورقماس باتۇرلۇقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان روھى مەڭگۈ يوقالمىسۇن.

## 8

شالغۇت مەدەنىيەتنىڭ ئادەمنى ئوڭايلا ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان رەڭدار تۇمانلىرى ئارىسىدا، ئەسلىمىنى ئۇنتۇش گىردابىدا تېپىرلاۋاتقىنىمدا، سەن تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدۇڭ. مەن سېنىڭ قىسسىلىرىڭدىن تەكلىماكاننىڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق قىسمەتلەرنى، خانتەڭرىنىڭ تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى سىر - ھېكمەتلەرنى، ئانا تارىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆز بېشىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇلارغا كۆكسىدىكى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان ئوغۇز سۈتىنى ئايانماي بېرەلىشىدىكى ئاجايىپ سېخىيلىقلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 9

سەن مېنى گۈلگە ئەمەس ، تۇپراققا ئوخشاتقىن ، چۈنكى ھەر قانداق چىرايلىق ، خۇش پۇراق گۈلمۇ ھامان توزۇيدۇ . تۇپراق بولسا ، ئۆز پەرۋىشكارىغا باغدىكى نېمەتلەرنى قىلچە ئايىماي ئاتا قىلالايدۇ .

## 10

ھاياتىمدا كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي ، سېنىڭ بىلەن «بەخت تۇلپارى»غا مىنگىشىپ كۆرگەن ئاشۇ چۈشۈملا خۇددى ئويغۇمدەك مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ .

## 11

سېنى ھەرقانچە توۋلاپمۇ ئويغىتالمىدىم . بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم ، نازلىق قىيىداشلىرىم كار قىلمىدى . سەن گويا بىر تەركىجاھاندەك غەمسىزلىك ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرىۋەردىڭ . ساڭا قاراپ ، قاراڭغۇ كېچىلەرنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشتىن تېخىمۇ قورقتۇم ۋە تاڭ قۇياشىغا خىتاب قىلدىم . ئېھ ، تاڭ قۇياشى ! تېزرەك جامالىڭنى كۆرسەتكىن . شۇ چاغدىلا مەن يېڭى قاباھەتلىك قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلىمەن .

## 12

ئوغلۇم ، ئاناڭنى كەچۈرگىن .

سېنى بالىلىق تەپەككۇرۇڭنى قاناتلاندۇرۇپ ، ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتەلەيدىغان ، خۇش ئاۋاز

قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئانا تەبىئەتنىڭ قوي-
نىغا باشلاپ بارالمايمەن . چۈنكى ، موماڭنىڭ ئۆيىنىڭ پېشايۋاد-
لىرىغا ئۇۋا سالىدىغان قارلىغاچلار ئاللىبۇرۇن بىز بىلەن بولغان
دوستلۇقىغا خاتىمە بەردى .

## 13

ئوغلۇم ، ئاناڭنى كەچۈرگىن .
سېنى ساماۋى چۆچەكلەردىكى يەتمىش ئىككى تۇرلۇك مېۋد-
لەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان گۈزەل باغلارغا باشلاپ بارال-
مايمەن ، چۈنكى بۇ گۈزەللىكلەر رەھىمسىزلىكىمىزنىڭ ، ئاچ
كۆزلۈكىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قۇم - تۇپراق ئاستىدا مەڭ-
گۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى .

## 14

ئوغلۇم ، ئاناڭنى كەچۈرگىن .
سېنى ئاسمىنى كەڭ تەبىئەت قوينىدا ئەركىن قىيغىتىپ
ئويناش پۇرسىتىدىن تۇسۇپ قويدۇم . چۈنكى ، ھەممىلا تەرىپى
ۋاراڭ - چۇرۇڭ ھەم ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن تولغان بۇ
شەھەردە ، سەن ئۇچۇن بىخەتەر جاي يەنىلا باغچە ھەم ئۆيۈڭ .

## 15

ئوغلۇم ، ئاناڭنى كەچۈرگىن .
ھەر سەھەر سېنى سۈت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا مەجبۇر-
مەن . چۈنكى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۈن قىزىلىدا ئۇخلاش ، قان
ئىچىدە ياتقانغا باراۋەر» دېگەن مۇقەددەس سۆزىنى ئەسكەرتمەكچى-
مەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 16

ئوغلۇم، ئاناڭنى كەچۈرگىن.

سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسەممۇ، خاتالىقلىرىڭ ئالدىدا قاتتىق قولمەن. چۈنكى، كۆچەتلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى پۇتاپ تۇرمىغاندا، ئۇ كەلگۈسىدە كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. مەن سېنىڭ چىن تۆمۈر باتۇردەك ياۋلار ئالدىدا قورقماس بولۇشۇڭنى، مەھمۇد، يۇسۇپ بوۋىلىرىڭدەك ئىلىم ـ ھېكمەتتە دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇشۇڭنى... قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىزدىكى ئەڭ ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزۈڭدە يېتىلدۈرگەن ھەقىقىي ئەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 17

ئوغلۇم، ئاناڭنى كەچۈرگىن.

سېنى نۇرغۇن «يامان بولىدۇ»لار بىلەن چەكلىگىنىم ھەرگىزمۇ سەندىكى ئىنسانىي ئەركىنلىكنى بوغقىنىم بولماستىن بەلكى، سېنىڭ ھەقىقىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە چىن ئىنسان بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىشتۇر. ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولغاندا، مەقسىتىمنى چۈشىنىسەن.

## 18

ئوغلۇم «كۆز تەگمىسۇن» دەپ بوينۇڭغا تۇمار ئېسىپ قويدۇم. ئۇنىڭغا ئۆتمۈشىمىز، قان ياشلىق قىسمەتلىرىمىز، بۈگۈنىمىز ۋە ئەڭ گۈزەل كەلگۈسىمىز پۈتۈلگەن. سەن مېنىڭ ھەم

ئەلنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ھاياتىڭنىڭ ھەر بىر دەقى-
قىلىرىدىمۇ ئۇنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلغىن .

## 19

ئوغلۇم ، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسكە ئېلىپ
تۇرغىن . شۇ چاغدىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىڭدىكى ئەرلىك خاراكتېر ھەم
ئېگىلمەس روھنى تېپىۋالالايسەن . سەندە يۈكسەك مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى قانچە كۈچلۈك بولسا ، سىڭلىڭ قىزلىق ئىپپىتىنى
قەدىرلەيدىغان ، شەرم ـ ھايانى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنىڭ گۆلتاجى
ھېسابلايدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك قىز بولۇپ چوڭ بولىدۇ .

## 20

دوستلىرىم مېنىڭ خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرىدىن باش
كۆتۈرەلمەي ئالدىراشلا يۈرگىنىمگە قاراپ ، ماڭا «ئىچ ئاغرىتىش-
تى» . لېكىن ، مەن مېنى تۇرمۇش قايناملىرىدا تاۋلاپ ، قەيى-
سەر ، پىداكار ، چىدامىلىق قىلىپ يېتىلدۈرگەن قەدىردانىمنىڭ
ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن .

## 21

ئەينى چاغدىكى ئەركە ، شوخ ، بەخۇۋاش ، سەبىي قىزچاقنىڭ
ئەينەكتىكى مۇلايىم ، ئەخلاقلىق ، ئېغىر ـ بېسىق ، ئىشچان
ئايال ھەم ئانىلىق سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن كۈل-
دۈم . كۆرگىنىم بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنىدا ئىدى ، ئازابلىنىپ
ياش تۆكەر ئىدىم .

www.uyghurkitap.com

## 22

ئۆزىمىزنىڭ ئاجايىپ شانلىق تارىخى پۈتۈلگەن مۇقەددەس
كىتابلارنى ئۆيۈمنىڭ تۆرىگە ئەتىۋارلاپ تىزىپ قويدۇم . بۇ يىل-
مىلار ئالدىدا ، قوشنىلىرىمىنىڭ قىممەت باھالىق خرۇستال تى-
زىلغان زىننەت تەكچىلىرى غېرىبسىنىپ قالدى .

## 23

يەرگە چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى پۈۋلىۋېتىپ ،
ئاغزىمغا سېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن سەبىي ، گۆدەك ئوغلۇم ھەي-
ران بولدى . مەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئەقىدى-
لىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردۈم ، كېيىنكى كۈنلەردە
ئوغلۇم ئېسىل تورتخانىلاردىنمۇ ناۋايخانىلارنى مۇقەددەس بىلىدى-
غان بولدى .

## 24

بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىمنىڭ يېنىغا بې-
رىپ ، ئۇنىڭ يۈرەكنى تېشىپ ئۆتكەن ئوقيانى سىزىۋاتقىنىنى
بىلدىم . ئۇ بايام سۆزلىگەن «ئۇيغۇر تىلى» توغرىسىدىكى مەز-
مۇنلارغا دىققەت قىلمىغانىدى . مەن خۇددى ئاشۇ ئوقيا يۈرىكىمگە
سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابلاندىم .

## 25

رېستوراندىكى يۇقىرى ئاۋازدا چېلىنىۋاتقان جاز مۇزىكىلى-
رىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان ، يا ئەرنىڭ ، يا ئايالنىڭ

ئاۋازىغا ئوخشاشمايدىغان ناخشا بىلەن تەڭ مېنى تانىسىغا تەكلىپ قىلغان دوستۇمنىڭ زورى بىلەن ئاياللار جۈپى بىلەن تانىسىغا چۈشكەن سەبىي توپقا قوشۇلغاچ، ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم:

ئاھ، تەڭرىم، مەن ئەرمۇ ياكى ئايال؟!

## 26

ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن قىبلىگە يۈزلىنىپ، يۈكسەك ئېتىقادىم بىلەن ئىبادەتنى باشلىسام ئانا زېمىننى قۇچاقلاپ روھىمنى پاكلاش ئۈچۈن قىلغان تۆۋىلىرىم قۇياش نۇرىغا قوشۇلۇپ، يەر ـ زېمىننى گۈل ـ چېچەككە پۈركىگۈسى.

## 27

سەن مېنى قەدىرلىگەنسېرى، سەندىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، يالۋۇرۇشۇڭغا پىسەنت قىلماي، ئۆزۈم تاللىغان ھايات يولىغا راۋان بولدۇم. يىللار ئۆتۈپ، نىشانىمدىن ئادىشىپ قالغاندا سېنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىڭنى ھېس قىلدىم. ئەپسۇس، سەن مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ كېتىپسەن.

## 28

سەن قەلبىڭدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ مۇقەددەس سۆيگۈڭنى ماڭا بېغىشلايدىغانلىقىڭنى، مەنسىز ياشىيالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. سۆزلىرىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارغا ئوت ياقتى. مەن ساڭا شۇنى دېمەكچى: سەن ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭنى، ئاۋۋال خانتەڭرىنىڭ ئاپئاق قارلىرى بىلەن، ئانا

تارىمنىڭ قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئابىرۇيات سۆيى بىلەن ، تەكلىماكاننىڭ قان - ياشلىق قىسمەتلىرى بىلەن پاكلاپ چىقىد قىن . ئەنە شۇ چاغدىلا ، مۇھەببىتىمىز ئانا تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، ئەبەدىي ياشايدۇ . ئەنە شۇ چاغدىلا ، سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى بىزگە ئېچىلىدۇ . پەرزەنتلىرىمىز ئالەمگە خان بولۇپ ، سېنىڭ ئەرلىك جاسارىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئاياللىق نازاكىتىمَنى مەڭگۈ ئۆزىگە يار قىلىدۇ . ئاداققى مىنۇتلاردا ، ئانا زېمىن بىزنى خۇشاللىق بىلەن قوينىغا ئالىدۇ .

## 29

يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ، ساڭا ئاتاپ يازغان ناخشامنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن ئېيتىمەن :

بىلەرسەنمۇ ئاشىق قەلبىمنى ،
سۆيەر بولسام سېنى ناۋادا .
بەخت قۇشۇم پەرۋازى بىلەن ،
ئۇچارسەنمۇ كۆپكۆك سامادا...

ئەتراپىمدىكى بارلىق مەۋجۇداد ناخشامغا جور بولۇپ سېغىنىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ . شاماللار ناخشامنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى سەن تامان يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشىدۇ .

## 30

سەن كەتمەكچى بولدۇڭ .

مەن سەن بىلەن ئاددىيلا خوشلىشىپ ، ئامانلىق تىلىدىم .

سىنى كۇتمەن . ماڭا ئىشەن قوزام . سەۋر ـ تاقەتتىن مەشۇت ئىشىپ ئاياغلىرىڭغا پاينداز راسلايمەن . ئەقىدە ـ ساداقەتتىن گۇل كەشتىلەپ قولياغلىق توقۇيمەن ، قەلبىمدىكى سىغىنىش دۇردانىلىرىدىن تىزىق تىزىپ ساقلاپ قويىمەن ، سەن ماڭا تەقدىم قىلغان ئىنسانىي پەزىلەتلەر بىلەن هاجەتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەۋا ، رەنجىگە شىپا بولۇشقا تىرىشىمەن ، مۇقەددەس ، ئېسىل ئەنئەنە خۇرۇچلىرى بىلەن قەلب ئېتىزىمنى سۇغۇرۇپ ، هالال ئەمگىكىم بەدىلىگە چىرايلىق گۇللەرنى ئېچىلدۇرۇپ ، مېۋىلىك كۆچەتلەر-نى پەرۋىش قىلىمەن . ساڭا بېغىشلانغان ئەڭ گۇزەل چۇشلىرىمنى تاڭ ساباسىغا هاۋالە قىلىمەن .

## 31

سۇكۇت .

يەنە ، شۇنداق سۇكۇت باشلاندى . ئادەمنى زەردە گۆش قىلىدىغان سۇكۇتتە ياشىماق نېمىدېگەن مۇشكۇل ـ هە ! بىلىپ تۇرۇپ ئامالسىزلىقتىن يېپىشكە مەجبۇر بولىدىغان تەمسىز تاماق-تەك سۇكۇتكە سەۋر قىلماي ئامال يوق .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

ئەركىن مۇھەممەد كامالى

# گۈزىلىم

## 1

گۈزىلىم ، بۇگۈن كىچە مېنىڭ ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن سۆز-لىرىم بولىسمۇ ، لېكىن سېنىڭ تاتلىق تامشىپ ئۇخلاۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ ئويغاتقۇم كەلمىدى . بەلكى سەن شۇ تاپتا تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن چاچلىرىڭنى سىلاپ ئولتۇرغىنىمنى سەزمەي لەززەتلىك چۈشۈڭ ئىچىدىن بەختىڭنى تېپىۋاتقانسەن... ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى ، ئاللىقاچان چۆچۈپ ئويغانغان بولات-تىڭ !

## 2

گۈزىلىم ، مەن سېنى ئەركىمگە ئېلىش ئۈچۈن پۈتكۈل يەر شارىنى سېتىۋالماقچى بولغانىدىم . ئەمما ، يالتىيىپ قالدىم . چۈنكى ، سېنىڭ باشقا بىر پلانېتىغا كۆچۈپ كېتىشىڭدىن قورقات-تىم .

## 3

گۈزىلىم ، مەن ئۆستەڭ بويىدا تەگسىز خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتىم . سېنىڭ بىر تال چېچىڭ ماڭا قاراپ ئېقىپ كەلدى . مەن ئەمدى ئۆز بەختىمنى تاپقانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ قا-

قاقلاپ كۈلگىنىمچە ئورنىمدىن تۇرۇپ ، سىنىڭ ئاشۇ چىچەكگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدىم .

## 4

گۈزىلىم ، مەن ساڭا نۇرغۇن مەكتۇپ يوللىغان بولسامۇ تېخىچە بىرەرسىگىمۇ ئۇچۇر بەرمىدىڭ . مەن بۇنىڭدىن شۇنچە ئەپسۇسلاندىمىيۇ ، لېكىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىدىم . ئېھتىمال سەن تېخى تۇغۇلمىغان بولغىيدىڭ .

# ئۇنچە نەسرلەر

## 1

قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن بىر تۇپ دەرەخ بۇك - باراقسان ئورماندا ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە ، مىسكىن ھېس قىلىدۇ ، تەقدىر ۋە تۇپراقنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر يەكلىشىدىن ، چەتكە قېقىشىدىن ئاچچىق يۇتۇپ ، ئاھ ئۇرىدۇ . ئەگەر ئۇ ئۆزىنى پاكار - پاكار ئۆسكەن يانتاقلار ، بەش - ئالتە بال بورانغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ يۈرگەن قامغاقلار ماكانىدا كۆرگىنىدە ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىپايان تۇپراقنىڭ غورۇرى ۋە خاقانى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن بولاتتى .

## 2

ئادەم شۇ قەدەر ئەخمەق كېلىدۇكى ، يۈرىكىگە جۇدالىقنىڭ رەھىمسىز خەنجىرى زەردە بىلەن ئۇرۇلغان چاغدىلا ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ .

## 3

پىژغىرىم ئىسسىققا چىدىماي كىيىملىرىڭنى سېلىپ تاشـ
لاپ ، قوياشقا ئون مىڭ قېتىملاپ لەنەت ئوقۇغان ۋاقتىڭدا ئالـ
دىڭدا سانسىزلىغان زېمىستان قىشنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغانلىقىنى
ئۇنتۇپ قالما !...

## 4

سەن چوغدەك قىزىرىپ پىشقان مەززىلىك توقاچنى لەززەتـ
لىنىپ چايناۋاتقىنىڭدا ، تەرلەپ ـ پىشىپ نان يېقىۋاتقان ئاناڭنى
ئەمەس ، پىژغىرىم ئاپتاپقا پەرۋا قىلماي ، پۇشقىقىنى تىزىغىچە
تۇرۇپ قويۇپ ، يېقىملىق ناخشا بىلەن ئورما ئورۇۋاتقان سۆيۈمـ
لۈك ، ساددا دېھقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما !

## 5

سەن ئىنسانلاردىن بىزار بولۇپ ، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن
چۆل ـ جەزىرىلەرگە بارغان چېغىڭدا ، دۈشمەنلىرىڭنىڭ هومدـ
يىپ بېقىشلىرىمۇ سەن ئۈچۈن خۇددى جانان كۈلكىسىدەك يېـ
قىملىق تۇيۇلىدۇ .

## 6

مەن ساڭا ئۆز ساداقىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ، كۆز قاردـ
چۇقۇمنى ئويۇپ بەرسەممۇ بەربىر ، چۈنكى سەن باشقىلارنىمۇ
خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاش يالغان كۆز يېشى ، لاتاپەتلىك يالغان
كۈلكىلەر بىلەن هاياتلىق دېڭىزىنىڭ كۆپۈكلۈك قىرغاقلىرىدا
لەيلەپ يۈرگۈچىلەر دەپ قارايسەن .

ئەمەت جاپپار

# شېرىن تۇيغۇلار

## 1

ئۇ ھەقىقەتەن يۇرىكىم تۆرىدە ئېچىلغان سولماس گۈل ئىدى . ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە يۇرىكىمنىڭ سوقۇشى ئىتتىكلەپ ۋۇجۇدۇمنى تاتلىق سېزىم قاپلايتتى ، تىلىم لال بولاتتى . ئۇمۇ ماڭا قاراپ پىسىڭىدە كۇلەتتى - دە ، يۇرىكىمدىكى ئوتنى ئۇلغايتىۋېتىپ ، چېھرى ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلدەك بولۇپ كېتىپ قالاتتى . بۇ ھال دەۋر قىلىۋەردى . بىر - بىرىمىزگە بولغان ھۆرمەت - ئىززەت ، مۇھەببەت بارغانسېرى ئېشىپ باردى .

مانا كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا يۇرەك - يۇرەككە رەھىمسىز ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى . ئەمما ، ئارىمىزدا شەرم - ھايادىن ئىبارەت ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ بولغاچقا ، لەسسىدە بولۇپ قالاتتۇق - دە ، بىر - بىرىمىزگە چاندۇرماي ئۇھ تارتىشاتتۇق . چۇنكى ، ئۇنىڭمۇ قىسقان ئىگىسى ، مېنىڭمۇ قىسقان گۈلۈم بار ئىدى .

## 2

ئۇنىڭ بىلەن مەركىزدە بىرگە بولۇپ قېلىپ ، ئۇنى تانىسىغا تەكلىپ قىلدىم ، ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە ، تەبەسسۇم

بىلەن ئالدىمغا كەلدى . ئوڭ قولۇم بىلىگە ، سول قولۇم ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا تەگكىنىدە...

قەدەملىرىمىز سازغا پەقەت تەڭكەش بولمىدى . شاراب ئىچ-مىگەن بولساممۇ ئاللىقاچان مەست بولۇپ قالغانىدىم . ئۇمۇ گويا بۇلۇت ئۈستىدە ئۈزۈۋاتقاندەك ماڭا يېپىشقانچە لەرزان چۆرگى-لەيتتى . ئۇنىڭ كۆزى بىلەن مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قارىچۇقلىرى بىر- بىرىگە بېقىشقىنىچە قېتىپ قالغانىدى . بىز ئىككىمىز شا-راب ئىچمەستىنلا قاتتىق مەست بولۇشقانىدۇق . بىز سازنىڭ توختاپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتۇق . ئېيتىڭلارچۇ ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

## 3

مەن ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن تانسىغا تەكلىپ قىلدىم .

— ئىككىمىزلا ئويناۋېرەمدۇق ؟ — دېدى ئۇ سەل قورۇنغان-دەك بولۇپ .

— مەن بىلەن ئوينىغىڭىز يوقمۇ - يا ؟

— ياق - ياق ، ئۇنداق ئەمەس .

— ئەمىسە قانغۇچە ئويناۋالايلى .

— ھۇ بىزەڭ ، — ئۇ ئاۋازىنى ئاستا چىقىرىپ شۇنداق دېدى- دە ، سول قولى بىلەن مۈرەمنى چىمدىپ قويدى .

— سىز بەك ئوماق ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن .

— ھۇ ، قېلىن ، — دېدى ئوشۇقچە يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەمدە قولۇمنى چىڭ سىقىپ قويدى .

ئاياللارنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەت ئىز-ھارى بولغان ، «بىزەڭ ، قېلىن» دېگەن گەپلىرى نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە ! مەن ھەقىقەتەن يەنىلا ساددا ئىكەنمەن . ئۇنىڭ «بىزەڭ ، قېلىن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ ،

ئەگەر ئاشۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىسام خىلىلا تەسەللىگە ئىگە بولاتتىم.

## 4

مەن ئۆزۈم بىلەن سۆزلەشتىم:
— سەن ئۇجمە كۆڭۈلمۇ؟
— ياق، مەندە ئۇجمە كۆڭۈللۈك يوق.
— نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسەن؟
— چۈنكى مەن ئاشۇ گۈلنىلا ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز قېرىمايدۇ. ھەتتا، چاچلىرىمىزغا ئاق كىرگەندىمۇ، ئۇ موماي مەن بوۋاي بولغاندىمۇ، قېرىماس مۇھەببىتىمىز بىزنى ياشارتىپ، ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىپ تۇرار دەپ ئويلايمەن.
— مەن گۈللەرنى يېڭىلاپ تۇرسا ياخشىمىكىن دەيمەن.
— مانا بۇ ئۇجمە كۆڭۈللۈك، بۇنداق بولغاندا گۈللەرنىمۇ، ئۆزىنىمۇ سولاشتۇرۇۋېتىدۇ.
— بۇ گەپ بىر تەرەپلىمىلىك بولسا كېرەك.
— ئەمىسە بۇنىڭغا تەقدىر جاۋاب بەرسۇن.
— مەيلى نېمىلا بولمىسۇن مۇھەببەت قېرىمىسىلا ئۇمىدلىك ياشىغىلى، مۇراد - مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# مەنزىل

مەن مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتىمەن ، مەنزىل مېنى چاقىرماقتا ! ئۇنىڭ خىتابلىرى ياڭرىماقتا : «كەل دوستۇم ! مېنى كۆزلەپ ، ماڭا ئىنتىلىپ ماڭ ! مۇشۇ يولدا تەر ئاققۇزۇپ ، ھاياتىڭ ھەر بىر قەدىمىنى پۇختا ئېلىپ كەل ! مېنىڭ ۋەسلىمگە يېتىش ئۈچۈن تەر تۆكۈشتىن ، جان تەسەددۇق قىلىشتىن ئايانماي ، بوران - چاپقۇن ، ئىسسىق - سوغۇق دېمەي توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا مېنىڭ باغرىم كەڭ ئېچىقلىق . مېنى كۆزلەپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىگەنلەرنىڭ ھەر تامچە تەرى بەدىلىگە ھاياتنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى ئاتا قىلىمەن .

مېنىڭ قۇچىقىم بەكمۇ كەڭ ، باغرىم بەكمۇ ئىللىق ، مېنىڭ بايلىقىم تۈگىمەس ۋە ھەددى - ھېسابسىز . پەقەت پاك نىيەت ، ھەقىقىي ئىرادىلىك ، ئوت يۈرەك كىشىلەرلا مەندىكى بايلىقلارغا تولۇق ئېرىشەلەيدۇ .

ئىلگىرىلە دوستۇم ، ئىلگىرىلە ! كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس ! مۇشۇ غەيرىتىڭ بىلەن توختىماي ئىلگىرىلە ! مەن ساڭا ھايات ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن .

# قۇياش بىلەن سۆھبەت

ئېھ قۇياش ! سېنىڭ باغرىڭ نېمانچە كەڭ ، نېمىدېگەن سېخىي - ھە ؟ !

كائىناتتىكى جىمى جانلىقلار سېنىڭ ئىللىق نۇرۇڭدىن بەھرە ئېلىپ ياشايدىكەن، سېنىڭ ساپ ئىللىق نۇرۇڭ يەر شارىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بارالايدىكەن. ئىنسانلارلا ئەمەس، يەر شارىدىكى جىمى مەخلۇقاتلار، جۈملىدىن تۇپراق، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، ئۇچار - قۇشلار، ھەتتا نەچچە مىڭ مېتىر دېڭىز - ئوكيان تەكتىدىكى جانلىقلارمۇ سېنىڭ ئىللىق نۇرۇڭدىن بىرەر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدىكەن. قۇياش ئېنېرگىيىسى، ئاتوم تەتقىقاتى قاتارلىق ھازىرقى زامان يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىمۇ سېنىڭ نۇرۇڭسىز روياپقا چىقمايدىكەن. ئېيتقىنە! سېنىڭدىكى بۇ بايلىقنىڭ چېكى بارمىدۇ - ھە؟!

ئانا قۇياش! مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى غايىبانە ئاڭلىماقتىمەن:

— ئەي نۇرۇمدىن ھۇزۇرلانغۇچى بەندە! شۇنى بىلىپ قالغىنكى، مەن تەبىئەت ۋە ئىنسانلار دۇنياسى ئۈچۈن يورۇقلۇق ئاتا قىلىشقا ۋە نۇر بېرىشكە يارىتىلغانمەن. مېنىڭدىن ئۇزۇق ئېلىپ ياشاۋاتقان ھەر بىر ھاياتلىقنى كۆرگىنىمدە سۆيۈنۈپ، ھاياجانلانغانلىقىمدىن يايراپ كۈلۈپ كېتىمەن.

مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىمەن. زىممەمدىكى مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيەت مېنى مۇشۇنداق توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشقا، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھارارىتىم بىلەن جىمى كائىناتقا جۈملىدىن، يەر شارىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئىللىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئاتا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مېنىڭ خۇشاللىقىممۇ، بەختىممۇ كائىنات بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. مېنىڭ ئىنسانىيەتكە ۋە تەبىئەتكە ئاتا قىلغىنىم تېخى مىڭدىن بىر زەررىچىلىكمۇ ئەمەس، پەقەت تىرىشچان، جۈرئەتلىك ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا مېنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغىنىم ھەقىقىي بەخت نۇردۇر!

— قۇياش ! سۆزۈڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم . لېكىن ، شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ : بەزىدە بۇلۇتلار يۈزۈڭنى توسۇۋالىدۇ ، بەزى-لەر سېنى گۇۋاھچى قىلىپ بولمىغۇر ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ ، ساپ نۇرۇڭنى بۇلغايدۇ . مۇشۇكياپىلاقتا ئوخشاش كۆزىنى يۇمۇ-ۋېلىپ سېنىڭ ئىللىق نۇرۇڭدىن قاچىدىغان ، ھەتتا ساڭا ھەسەت قىلىپ قارغايدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ . بىراق ، سەن يەنىلا ئىل-لىق كۈلكەڭنى ئايىمايسەن . سېنىڭ سېخىيلىقىڭنىڭ چېكى بارمۇ - يا ؟ !

— توغرا ئېيتىسەن ! سەن ئېيتقاندەك بەزى ھاماقەتلەر مېنىڭدىن ئۇيالماي ، مېنى گۇۋاھچى قىلىپ نومۇسسىز ، ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، پاك زېمىننى بۇلغايدۇ ، بۇنداق ھاللاردا يۈزۈم قىزىرىپ كېتىدۇ ، غەزىپىم ئۆرلەيدۇ ، بەزىدە بۇنداق رەزىللىكلەردىن خىجىل بولۇپ يۈزۈمنى بۇلۇت پەردىلىرىد-گە ئورىۋالىمەن ، ئاچچىقىمدا ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچە كۆرۈنمەي قويىمەن . لېكىن ، نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ ، ھاياتلىقنىڭ گۇناھ-سىز ئىكەنلىكىنى ، ماڭا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ . ئاشۇ ئازىبىر قىسىم ھاماقەتلەرنى دەپ ماڭا ئىنتىزار بولۇۋاتقانلارنىمۇ قوشۇپ جازالىغىنىمغا ھەسرەتلىد-نىمەن - دە ، يۈزۈمدىكى پەردىلەرنى يىرتىۋېتىپ ، تېخىمۇ ئىل-لىق ھارارىتىمنى كائىناتقا ئاتا قىلىمەن . مەندىن ھۇزۇرلىنىپ ، ماڭا باققان ھەر بىر جانلىقنى كۆرگىنىمدە ، ئۇلارغا بولغان مېھرىم ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ ، ۋۇجۇدۇمدىكى نۇر ۋولقانلىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ، تەڭداشسىز دولقۇن پەيدا قىلىدۇ .

— قۇياش ! ئەمدى چۈشەندىم ! سېنىڭ باغرىڭ تەڭداشسىز كەڭرى ، قەلبىڭ جەننەتتەك گۈزەل ، مېھرىڭ تەرىپلىگۈسىز دە-رىجىدە ئىللىق ۋە نۇرلۇق ئىكەن .

## ئۈمىد

مەن يولۇمدىن ئېزىپ ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر قاراڭغۇ قايناملىرىغا غەرق بولۇپ كەتتىم. ئەجەل ماڭا يېقىنلاپ كەلدى، ئۇ مېنى قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ ھاڭغا سۆرىمەكتە ئىدى. مەن يورۇقلۇققا، يېڭىچە ھاياتقا تەشنا بولۇپ تېپىرلايتتىم. غايىبتىن سەن كەلدىڭ — دە، مېنى قاراڭغۇ ھاڭدىن يورۇقلۇققا تارتىپ چىقتىڭ.

## شاۋقۇنلۇق سۆيگۈ

بىپايان كۆپكۆك دېڭىز شاۋقۇنلىرى ئاپئاق بۇژغۇن ھاسىل قىلىپ دېڭىز ساھىلىدىكى خادا تاشلارغا زەرب بىلەن ئۇزىنى ئۇرماقتا. قىيا تاش ئۇستىدە تۇرۇپ دېڭىز شاۋقۇنلىرىنىڭ خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان يېقىملىق، جاراڭلىق سىمفونىيگە ئەسىر بولۇۋاتقىنىمغا قانچە ۋاقىت بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خىيال قۇشۇم دېڭىز چايكىلىرىغا قوشۇلۇپ گاھ دېڭىزغا شۇڭغۇسا، گاھ دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلاتتى. بىردىنلا دېڭىز شاۋقۇنلىرى ئىچىدىن غايىبانە بىر قول، ياق قول ئەمەس بىر مۇھەببەت ئەلچىسى ماڭا قاراپ ئىلتىجا قىلدى: «قولۇمنى تارتىۋېلىڭ! خالىسىڭىز باغرىڭىزغا چىڭ بېسىپ تەشنا يۈرەكلەرنى مۇھەببەت سۈيىدە سۇغىرىۋېلىڭ!»

ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان، بىراق سېيماسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان يېقىملىق تونۇش سادادىن ھوشۇمنى يىغدىم — دە، قىيا تاشتىن ئۆزۈمنى دېڭىز شاۋقۇنغا تاشلىدىم. شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلار ئىرادەمنى بوي-

سۇندۇرالمايتتى ، مۇھەببەتنىڭ چەكسىز كۈچى مېنى دولقۇنلار باغرىدا گاھ چۆكۈرۈپ ، گاھ لەيلىتىپ ماڭا ئىنتىزار بولۇۋاتقان سىيماغا قاراپ ئىلگىرىلەتتى . ئىرادەم ئاخىر دولقۇنلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى ، بىر پەس دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر ئۇنى دولقۇنلار قوينىدىن تارتىۋالدىم ، ئۇنىڭ ئوت يالقۇنجاپ تۇرغان قولىنى چىڭ سىقىپ قىرغاققا تارتتىم ، غەزەپكە كەلگەن دولقۇنلار شاۋقۇنىنى كۈچەيتىپ مەندىن قىزغىنىۋاتقاندەك ئۇنى كۈچەپ ئۆزىگە تارتاتتى ، بىرقانچە قېتىملىق كەسكىن ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىقتىم . ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل بىر سىيما ئىدىكى ، دېڭىزنىڭ ئۇنى ئۆزىگە كۈچەپ تارتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم . ئەسلىدە دېڭىز كۈچلۈك دولقۇنىنى ئىشقا سېلىپ بۇ گۈزەل سىيمانى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچىكەن ـ دە !

كۆز ئالدىمدا ئارام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى پەرىشتىلەرنىڭ سىيماسى نامايان بولدى ، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ، زىبالىق ئىدىكى ، بىر جۈپ بوتا كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئوتلىرى يالقۇنجايتتى ، نەملەشكەن كىرپىكلىرىدە چاقنىغان مۇھەببەت شەبنەملىرى تال ـ تال بولۇپ مونچاق تىزغاندى . زىنخلىرى ماڭا قاراپ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن جىلۋە قىلاتتى . ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ، كېچىلىرى چۈشلىرىمنى ، كۈندۈزلىرى خىياللىرىمنى لال قىلغان غايىبانە سۆيگۈمنى تاپقىنىمغا تومۇرلىرىمدا قانلىرىم كۆۋەجەپ ، يۈرىكىم سوقۇشىنى تېزلەتتى . غەيرەتكە كەلدىم ـ دە ، ئۇنى سېغىنىپ ئىنتىزار بولغان باغرىمغا مەھكەم باستىم . بىر ـ بىرىگە زارىقىپ ئىنتىزار بولۇشقان ئىككى تەن بىر گەۋدە بولۇپ ، مۇھەببەتلىك يۈرەكلەر بىر خىل رىتىمدا گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى . بۇ چاغدا دېڭىز غەزەپ بىلەن شاۋقۇنلىرىنى قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇراتتى . مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ئىككىمىزنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكە-

نىدى . ئىككىمىزنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىگە كۈنداشلىقى قوزغال-
غان دېڭىز شاۋقۇنلىرى ئەسەبىيلەرچە بىزگە ئۇرۇلاتتى ، بىزنى
بار كۈچى بىلەن يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك ھەدەپ نەرە تارتاتتى ،
بىز چىن مېھرىمىز بىلەن قۇچاقلاشقان ھالدا دېڭىز ساھىلىنى
بويلاپ يۈرۈپ كەتتۇق .

بۇ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ لەززەتلىك ، ئەڭ شېرىن بىر چۈش
ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

گۈزەلنۇر مۇتەللىپ

# قىش سۆيگۈسى

قىش بىر ئۆزگىچە پەسىل ، ياز يېشىللىقى بىلەن كىشىنى سۆيۈندۈرسە ، قىش ئاقلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ، قىزىقىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ كۆزتىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . مەنچۇ ؟ مەن نېمىنى سۆيىمەن ، نېمىنى كۈتىمەن ؟ مەن ئاق روماللىق پەرىشتىگە ، يەنى قىش پەسلىگە ئىنتىزار . قاراڭ ، قىش نېمىدېگەن گۈزەل - هە ؟

مەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتىمەن . ئەنە ، ئاپئاق قارلار يەر يۈزىگە قونماقتا ، ئۇ كىشىگە گويا كۆكتىن لەيلەپ چۈشكەن پارچە بۇلۇتلارنى ئەسلىتەتتى . كىشى قەلبىنى باشقىچە هۇزۇرلاندۇراتتى . مەن هاياجان ئىلكىدە ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم . ۋاه ، ئاخىر قار ياغدى .

مەن كېتىۋاتىمەن ، جەنۇبىي بۇلاق رايونىنىڭ كەڭ كەتكەن باغچىسىدا ، يازلىرى كۆكلەپ ، رەڭگارەڭ گۈللەرگە ئورالغان باغچە قوينىنى بۈگۈن ئاپئاق قارلار ئوراپتۇ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇسساپ ئاران تۇرغان چىملىقلار قار سۈلىرىنى هۇزۇرلىنىپ سۈمۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى . قاراڭ ، مامۇق چاپان ئۇلارغا نېمىدېگەن ياراشقان .

مەيداندا هەر خىل ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناۋاتقان باللار كۆزۈمگە چېلىقتى ، مەن ئۇ تەرەپكە باردىم . ئۇلارغا قاراپ مەستلىكىم كەلدى . بۇ باللار نېمىدېگەن بەختلىك ، ئۆيدىمۇ ، تالادىمۇ ،

قىشتىمۇ ، يازدىمۇ ئويۇنچۇقلىرى تەييار . ئويلاپ باقسام بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا يازدا ئۇزگۇدەك سۇمۇ ، قىشتا ئوينىغۇدەك بۇنداق ئويۇنچۇقلارمۇ يوق ئىدى . بىز يازلىرى ئاللا ـ ئاللا قۇشلارىمنى ئوينىساق ، قىشلىرى رېزىنكە تاقلايتتۇق ، سابۇر ئوينايتتۇق ، ئۆيگە كىرگەندە بولسا قىزلىرىمىز لاتا قورچاق ئوينىساق ، ئوغۇللىرىمىز پاخپاق ئوينايتتۇق . راست ، تېخى قىشلىرى مۇزدا چانا تېيىلاتتۇق . بىز ئەنە شۇ ئاددىي ئويۇنلىرىمىز بىلەن تولىمۇ خۇشال ئىدۇق . مەن ئۇزۇن كەتكەن ئاسفالت يولغا چىقتىم ـ دە ، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ، دوستلۇق كۆۋرۈكىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتىم ، تاكسى ھېلىلا تازىلىق ئىشچىلىرى تەرىپىدىن پاكىز سۇپۇرۇپ قويۇلغان ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك ماڭماقتا ، كەڭ كەتكەن بۇ يول كىشى قەلبىگە چەكسىز ئارام بەخش ئاتا قىلماقتا ئىدى . ئەنە جەنۇبىي بوستان ، گۇلباغ كىچىك رايونى ، پۇتۇش ئالدىدا تۇرغان شەھەرلىك ھۆكۇمەت بىناسى ، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۇرۇپ ، قارامايغا يېڭىچە تۇس قوشقان نېفىتلىك شىركىتى ئورگان بىناسى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە . كۆۋرۈكنىڭ ئۇستىدىن قارىغاندا بۇ جاي كىشىگە رىۋايەتلەردىكى ئەرش ئوردىسىنى ئەسلىتەتتى . مەن بۇ ئوردىغا قانچە قاراپمۇ قانمىدىم . قارىغانسېرى قەلبىمنى ئانا يۇرت مۇھەببىتى چىرماپ ئالغاندەك قىلاتتى . مەن دوستلۇق يولىدا كېتىۋاتىمەن ، ئەنە كۆز ئالدىمدا زامانىۋى تۇس ئالغان سۇ ئۇزۇش مەيدانى سوزۇلۇپ ياتماقتا . مەن ھاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ تېز قەدەم ئالدىم . قاراڭ ، ئۇنىڭ ئىچى نېمىدېگەن قايناپ كەتكەن ـ ھە ! مەن سۇ ئۇزۇش سارىيىدىن چىقىپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم . ئەنە يېڭىدىن قۇرۇلغان گولف توپ مەيدانىمۇ مۇشۇ مەركىزىي يول ئۇستىدە سوزۇلۇپ ياتماقتا . قاراماي مەدەنىيىتىنى نامايان قىلماقتا .

مەن ئالدىمغا قاراپ ماڭغىنىمچە ماڭا مەرىپەت ئاتا قىلغان ،

www.uyghurkitap.com

مېنى ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئۇزاتقان مېھرىبان ئانام ، مەرىيەت بۆشۈكى قاراماي شەھەرلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدىم . بۇ ماكان ماڭا خۇددى بالىلىق چاغلىرىمدىكىدەكلا ئىللىق تۇيۇلدى . غۇبارسىز بالىلىقىم يادىمدىن كەچتى .

مەن مەيدانغا قارىدىم ، مەكتەپ ئىچى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، مەيداندا پۇتبول مۇسابىقىسى قىزىماقتا . سەبىي بالىلار ئاپئاق مەخمەلدەك قار ئۈستىدە تايچاقتەك يۈگۈرۈشمەكتە ، بىر-بىرىگە قار چېچىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە . قاردىن بوۋاي ياساپ ئوينىماقتا . يېڭى يىلغا ئاتالغان لىرىك مۇزىكىلار ،ناخشىلار ياڭرىماقتا . ئەنە قاراڭ ، ئۇ قىزچاق يېڭى يىلغا ئاتاپ «يىللارغا جاۋاب »نى جانلىق دېكلاماتسىيە قىلماقتا . ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈمنى ئەسلەپ قالدىم ، مەنمۇ بىر چاغلاردا ئەنە ئاشۇ سەھنىدە قانچە قېتىملاپ دېكلاماتسىيىلەرنى ئوقۇغان ئەمەسمىدىم . يىللار رەھىمسىز ئىكەن ، مانا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بالىلىقىم تارىخقا ئايلىنىپتۇ ، ئەمما بۇ ماكان كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ ، توختاۋسىز ئەۋلاد تەربىيىلىمەكتە . مىڭلىغان ، مىليونلىغان پەرزەنتلەرنى يىراق - يىراقلارغا ئۇزاتماقتا . ئەنە شۇ چاغدا ماڭا كۆپ بىلىم ئاتا قىلغان ، مېنى ئانامدەك كۆيۈنۈپ قاتارغا قوشقان سۆيۈملۈك ئۇستازىم چىقىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭغا ئىنچىكە نەزەر تاشلىدىم . يىللار ئۇنىمۇ بوش قويماپتۇ ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاپقارا چاچلىرىغا قىرو قونۇپتۇ ، يۈزلىرىگە قورۇقلارمۇ تارتىلىپتۇ . مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم…

مەن كېتىۋاتىمەن ، ئۆزۈمنىغا سوزۇلغان دوستلۇق يولىدا ، ئەنە ياشلار ، ياشانغانلار ، ئوقۇغۇچىلار قىشلىق ئۆزۈمنىغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە . كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشمەكتە . مانا كۆز ئالدىمدا رەت - رەت كەتكەن بىنالار سوزۇلۇپ ياتماقتا . يول بويىدىكى دەرەخلەر بويىنىغا ئاپئاق شايى ئارتىپ ، قوللىرىنى ئېگىشىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ناز بىلەن

باقماقتا . مەن يېقىن بېرىپ قارىدىم . ئەمما ، قانچە قاراپمۇ شۇ
كۆچەتنى تاپالمىدىم . يىللار نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىۋېتىدى-
كەن ، ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدى-
كەن . مەن قەدەملىرىمنى ئاستا - ئاستا يۆتكەپ ئالدىمغا قاراپ
ماڭدىم . ئەنە كۆز ئالدىمدا بالىلارنىڭ ، ياشلار ۋە ياشانغانلارنىڭ
غايىۋى دۇنياسى ، شادلىق سەيناسى — مەدەنىيەت كوچىسى ،
سائەت مۇنارى قۇچاق ئاچماقتا ، مېنى ئۆز قوينىغا چاقىرماقتا .
يازلىرى كېچە - كېچىلەپ ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان بۇ جاي بۇگۈن
قىشتىكى نازاكىتى بىلەن كىشىلەرنى يەنىلا ئۆزىگە تارتماقتا .
ئەنە ، قاراڭ ، يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلۇۋاتقان ئويۇنلار-
غا ، بۇ يەردە چوڭلارمۇ ، كىچىكلەرمۇ ئوخشاشلا شادىمان ئۇسسۇل
ئويناپ ، گۈزەل قارامايغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى
ئىپادىلىمەكتە . ئىجتىمائىي رايون مەدەنىيىتىنى نامايان قىلماق-
تا . يېڭى يىل ساداسىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش ئۈچۈن
كەلگەن ئامما سائەت مۇنارىنى چۆرىدەپ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارنى
تەخىرسىزلىك ئىچىدە كۈتمەكتە . ئەنە ، سائەت مىنۇتلاپ ، سې-
كۇنتلاپ ئۆتمەكتە ، ئەڭ ئاخىرقى دەقىقە كىشىلەرنىڭ يۈرەكلى-
رىنى تىترەتمەكتە . «داڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندا
ساليوتلار پارلىدى . كۆپچىلىك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، چا-
ۋاك چېلىشقاچ «ھۇررا» توۋلىشىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى ،
بەزىلەر ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن ياسالغان گۈلچەمبىرەكنى
يىل بوۋاينىڭ بوينىغا ئاسسا ، يەنە بەزىلەر نادامەت ئىلكىدە ياش
تۆكمەكتە . يېڭى ھايات ، يېڭى دەۋر بىزنى كۈتمەكتە . مەن كونا
قاراماي باغچىسىغا كەلدىم . قاراڭ ، بۇ يىل قىش بۇ جايمۇ
ئالاھىدە تۇسكە كىرىپتۇ . قاراڭ ، دوستۇم قاراڭ ، ئاۋۇ مۇزدىن
ياسالغان ئويما ھەيكەللەر نەقەدەر نەپىس ئويۇلغان - ھە ! ئۇلار-
نىڭ تۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەمسىز تېخى ، ئاۋۇ تۆگىلەرگە
مىنىۋالغۇم كېلىپ كەتتى . كەچلىرى بۇ يەرگە ئادەملەر تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆپ كېلىدۇ . بۇ مۇز ئۆيمىلار چىراغ نۇرىدا جىلۋىلىنىپ قارا-
ماي كېچىسىنى نۇرلاندۇرىدۇ . بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت تې-
لېۋىزوردىلا كۆرۈپ ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ كۆڭلۈم بەك
يايراپ كەتتى، ئاۋۇ مۇز سىيرىلمىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان
كىشىلەرگە قاراپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز سىيلىپ كەتتى . مەن
هاياجان ئىلكىدە يىراققا نەزەر تاشلىدىم . ئەنە قاراماي تاغلىرى
كۈلمەكتە . رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شەيتانكەرش قىش پەيزىنى
سۈرمەكتە ، ئەنە جەسۇر نېفىتچىلار مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالغا
چامدىماقتا . قاراماي ئايرودرومى مېھمانلارنى كۈتمەكتە . بىرىن-
چى نومۇرلۇق قۇدۇق كەلگەن مېھمانلارغا قاراماي تارىخىنى سۆز-
لىمەكتە . ۋىشكىلار باشلىرىنى ئېگىپ ، قولىنى كۆكسىگە قو-
يۇپ ، تەزىم بەجا كەلتۈرمەكتە . شارقىراتما ، ئايكۆللەرمۇ ئۆزگە
خاس قىش مەنزىرىسى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا .
مەن بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ قار تېپىلىش مەيدانىغا كەلدىم ،
ۋاھ ، نېمىدېگەن قىزىپ كەتكەن سورۇن بۇ ، قاراڭ ئاۋۇ ئاشىق-
مەشۇقلارغا ، قاراڭ ئاۋۇ گۈلدەك بالىلارغا ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى
نېمىدېگەن چاققان ! ئۇلارغا قاراپ تولىمۇ مەستلىكىم كەلدى .
قىش نېمىدېگەن گۈزەل ــ ھە ! تەبىئەت ھەر ۋاقىت ئۆز گۈزەللى-
كى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىكەن .

مەن چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە مەھەللىگە كېلىپ قالغىنىمى-
نىمۇ بىلمەي قاپتىمەن...

— ئاپا ، ئاپا !— تالادا قار كېچىپ ئويناۋاتقان ئىككى ياش-
لىق ئوغلۇم ماڭا ئېسىلدى .

— قارا ئاپا ، ئاپئاق قار ، — ئۇ قار ئۇستىدە يىقىلىپ ـ
قوپۇپ ، توشقاندەك تاقلايتتى . كىچىككىنە قوللىرى مۇزلاپ ،
مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— ئاپا ، مېنى ھۇئاي قىلىپ كۆتۈرۈۋالە ! — دېدى ئوغلۇم
ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ . مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالدىم .

— ئاپا قارا ، يۇلتۇز قار ، ئاپئاق قار .
— شۇنداق ئوغلۇم ، ئۇ قارلار چىراغ نۇرىدا كۆچلۈك نۇر چېچىپ كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىمۇ تاڭ قالدۇرماقتا ، مانا بۇ قىشتىكى قاراماي كېچىسى ،— دېدىم مەن ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئامىنە دۆلەت

# ئۇستاز قەسىدىسى

ۋۇجۇدۇم تۆرىدە بىرلا مېھمان بار ؛
ئۇ مېھمان مەن ئۇچۇن سۆيۈملۈك ئۇستاز .
باسسىمۇ قورۇقلار ، كەتسىمۇ قېرىپ ؛
ئۇ مېنىڭ دىلىمدا مەڭگۈ باھار - ياز .

مەن ئۇستازىمغا بولغان پاك سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنى ، ئەقىدەمنى ، سېغىنىشىمنى ئاشۇ بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئىپادىلىدىم . ئۇستاز ، ئۇ يېنىپ تۇرغان مەشئەل ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز ، قاراڭغۇ تۇندە دىل تۇمانلىرىنى يېرىپ ئەتراپىنى سۇتتەك يورۇتۇپ ، پۈتۈن كائىنات دۇنياسىغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى تولۇن ئاي ! گەرچە ئۇ تۇمانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسىمۇ ، يەنىلا گىگانت قەدەملەر ئارقىلىق تۇمانلار كۆكسىنى يېرىپ ، ئەتراپقا سۇتتەك نۇرلىرىنى تۆكۈپ ، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تولۇن ئاي .

ئۇستاز ! ئۇ مىڭلىغان ، مىليونلىغان سەبىي دىللارغا ئىللىقلىق ، يورۇقلۇق ۋە نۇر ئاتا قىلغان سېخىي قۇياش !

ئۇستاز ! ئۇ جىمىكى بەختكە ئېرىشكۈچى دوستلارنىڭ قەلب جامىنى ئەقىل - پاراسەت دۇردانىلىرىگە تولدۇرۇپ ، ئۇنىڭ بەخت بىنالىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن تۈنجى بولۇپ ئۇل قويغان كىشى !

ئۇستاز ! ئۇ چەكسىز دېڭىز - ئوكيان ساھىلىنى يورۇتۇپ ،

ئۇنىڭدىكى كىمە - پاراخوتلارنىڭ غالىبانە نىشانغا قاراپ ئىلگىرى-لەش يولىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى غايەت زور ماياك !

ئۇستاز ، تۇمەن مىڭ مو قەلب بىنەملىرىنى ئېچىپ ، ئۇنىڭ-غا ئەقىل - پاراسەت دۇردانىلىرىنى چېچىپ ، مول - ھوسۇللۇق سالا ئېتىزلارغا ئايلاندۇرغان ماھىر دېھقان ۋە ئاگرونوم ، قەلب ۋادىسىنى باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرغان سۆيۈملۈك باغۋەن .

ئۇستاز ! مەرىپەت گۈلزارىدىكى يۇمران سەبىي گۈل مايسى-لىرىنى پەرۋىش قىلىپ ، ئۇنى بوران - جۇدۇنلاردىن ، قۇرت - قوڭغۇز......غا ئوخشاش زىيانداش ھاشاراتلاردىن ، ئىچىدە قار-غاپ ، تېشىدا ھىجىيىپ يۈرگۈچى شۇم نىيەت يەكچەشمىلەردىن ، گۈل - غۇنچىلەرنى بىمەھەللا ئۈزمەكچى بولۇۋاتقان يات ۋە قارام قوللاردىن ئامان - ئېسەن قوغداپ ، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتى-لىشىگە ، غۇنچىلىرىنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئېچى-لىپ ، ئىنسانىيەتكە ئەنبەر ھىدلارنى چېچىشىغا كاپالەتلىك قىل-غۇچى ماھىر گۈلچى .

ئۇستاز ! ئۇ مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ مەرىپەت بېغىدىكى ئۆز-لىرى تىكىپ ۋە سىمابتەك ھالال تەرلىرى بىلەن سۇغىرىپ تۇت-قۇزغان سان - ساناقسىز كۆچەتلەرنى ھەر سائەت ، ھەر مىنۇت پەرۋىش قىلىپ ، بىر قولىدا مېھىر - ۋاپا سۈيى بىلەن سۇغى-رىپ ، ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرىدا ئوزۇقلاندۇرسا ، يەنە بىر قولىدا ، هارام شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتاپ ، ئاشۇ ئېسىل كۆچەت-لەرنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقلاپ قالغان ۋە جاھاندا كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان سۆيۈملۈك باغۋەن .

ئېھ ئۇستاز ! مەن سىزنىڭ سان - ساناقسىز سەبىي ئۆس-مۈرلەرنى ، جۈملىدىن مېنى تەربىيىلەش يولىدا ئاققۇزغان تەرلى-رىڭىز بەدىلىگە ئازراق جاۋاب بېرەلىسەم ئىدىم ، ئۆزۈمنى چەك-سىز بەختلىك ھېسابلار ئىدىم .

سىز مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل باغدا يېتىشتۈرگەن

سان - ساناقسىز گۈللەرنى ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە مىننەتسىز تەقدىم قىلدىڭىز . باشقىلار سىزنىڭ قولىڭىزدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولدى ، بەزىلەر ھەتتا جۇڭگودەك بۇ بىپايان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئەل - ۋەتەننى توغرا نىشان ، توغرا يولغا يېتەكلىمەكتە . يەنە بەزىلەر ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ، شەھەر ، ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلىمەكتە ، بىراق سىزچۇ ؟ سىز يەنىلا مەكتەپتىن ئىبارەت ئاشۇ كىچىككىنە ، ئەمما تولىمۇ جۇشقۇن ، تولىمۇ قايناق باغچىدا يەنىلا يۇمران كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىۋاتىسىز . گەرچە ، سىزنىڭ ئىشلەۋاتقان ئورنىڭىز بىر ئورۇن ، بىر ئىزدىلا تۇرغاندەك قىلىسىمۇ ، بۇنىڭدىن قىلچىمۇ زېرىكمەيسىز ، زارلانمايسىز ، چارچاش ، ھارغىنلىق ھېس قىلمايسىز ، چۈنكى سىز بۇ باغدا سۆيۈملۈك باغۋەن بولۇشنى ، ماھىر گۈلچى بولۇپ ، خۇش پۇراق گۈللەرنى ئەل - ۋەتەنگە تەقدىم قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىسىز ، مۇشۇ ئىشنى ، مۇشۇ يولنى جان پىدالىق بىلەن تاللىغانسىز ، مۇشۇ يولغا بارلىقىڭىزنى ئاتىغانسىز . سىز مۇشۇ ئىشىڭىزدىن چەكسىز سۆيۈنىسىز ، ئۆز بېغىڭىزدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن يا ئۇنداق ، يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى ، بىلىپ - بىلمەي نىشاندىن ئېزىپ قالغان ياشلارنى ئاڭلىغىنىڭىزدا ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆكۈنىسىز ، خۇپىيانە ياش تۆكىسىز ، ئىچ - ئىچىڭىزدىن ھەسرەتلىنىپ ، ئۆرتىنىپ ، بىئارام بولىسىز ، ھەتتا تۇرمىلەرگە قەدەر ئاشۇ ئازغان ياشقا پەندى - نەسىھەتلىرىڭىزنى يەتكۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ تېزدىن گۇناھىنى يۇيۇپ ، ياخشى ئادەم بولۇشىنى تىلەيسىز . ئاشۇ ئازغان ياشلار ئارقىلىق ، ئۆزىڭىز تەربىيىلەۋاتقان يۇمران كۆچەتلەرنى ئاچچىق ساۋاقتا ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ قەدەمنى خاتا باسماسلىقىنى قايتا - قايتا سەمىگە سالىسىز . ئېھ ئۇستاز ! سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب ! نېمىدېگەن كەڭ قورساق ، نېمىدېگەن

مەردانە ـ ھە !

ئۇستاز ، سىز ئىنسانلارغا ياشاش يولىنى ، مېڭىش يولىنى ئۆگەتكەن ۋە ئۆگىتىۋاتىسىز ، شۇڭا سىز ئىنسانلارغا بىر مەھەل ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك زۆرۈر ، تاكى يەر شارى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانغا قەدەر زۆرۈر…

ئېھ ئۇستاز ، ئەنە ، مىڭلىغان ، مىليونلىغان نۇرانە كۆزلەر قاپقارا دوسكىغا سىزنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت نۇرلىرىنى چۈشۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد بىلەن كۈتمەكتە ، ئۇلار سىزنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ، شوخ ، يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشقا تەشنا !… چۈنكى سىزنىڭ تىلىڭىزدىن تۆكۈلگەن بىلىم دۇردانىلىرى مىڭلىغان ، مىليونلىغان سەبىي بالىلارنىڭ دۇنيادىن تېخى بىخەۋەر ، ئۇيقۇدا تۇرغان مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى ئويغىتىپ ، دىل تارلىرىنى چېكىپ ، ھايات سىمفونىيىسىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ . ئۇلار پەقەت سىز ئارقىلىق ، قەلب كۆزى ئەمالىقتىن قۇتۇلۇپ ، يەر شارىنىڭ ئۇ قېتىدىكى نەرسىلەرنىلا ئەمەس ، كۆك ئاسمانىنىڭ قەرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيدۇ ! سىز ئارقىلىق ئاشۇ كۆرۈپ ، تونۇپ يەتكەن نەرسىلەرنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ئېچىشقا يۈرۈش قىلىدۇ ئەمەسمۇ !

ئېھ ، سۆيۈملۈك ئۇستاز ، سىز مانا مۇشۇنداق دانالارنى تەربىيىلىگۈچى ئۇلۇغ ئىنسان ! سىز جاھاندىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ، جىمىكى بۈيۈكلۈك ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى ، جىمىكى ئۇتۇق تۇنجى بولۇپ سىزگە تالىق ، جىمىكى ھۆرمەت تۇنجى بولۇپ سىزگە تالىق . سىز قەلب ئاسمىنىنى يورۇتقان يورۇقلۇق ئەلچىسى ، بىلىم چۆلىدە چاڭقىغان بىلىم تەشنالىرىغا بىلىم شەربىتى ئۇتلاتقان ، ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرغان ھاياتلىق ئەلچىسى سىز ! **سىز** دېڭىز تەكتىدىن بىلىم دۇردانىلىرىنى سۈزۈشكە باشلىغان تەڭدىشى يوق غەۋۋاس . ئەمالارنىڭ قەلب كۆزىنى ئاچقان دىل دوختۇرى ، سەبىي دىللارنى بىلىم نۇرىدا كۈلدۈرگەن

دىل قۇياشى ! ئۇستاز ، سىز ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭىز بىلەن جاھاندا تۇنجى بولۇپ ھۆرمەت تاجىنى كىيىشكە ئەڭ لايىق كىشى . بىلىم تەشنالىرىنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى يەر شارىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەڭ مەۋجۇت . بۇ ھۆرمەت ، بۇ سۆيگۈ يەر شارى بىلەن ياشايدۇ . پەقەت كائىنات دۇنياسى مەۋجۇت بولۇشتىن قالغاندىلا ئاندىن يوقىلىدۇ ، خالاس !

سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىز دۇنيادىكى بىلىم تەشنالىرىنىڭ بەختى ، چۈنكى سىز بىلىم تەشنالىرىنىڭ ۋاپادار دوستى ۋە يولـ ـكى ، ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلغۇچى .

ياشاڭ ئۇستاز ، بىلىم تەشنالىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاڭ .

دىلشات ئابدۇراخمان

# غا...

يىگىتلەرمۇ يىغلايدۇ؟ ئەلۋەتتە، قىزلار يىغلىسا ئىنسانلار رىيازەت چېكىدۇ. ئەمما، يىگىت يىغلىسا پۈتۈن كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار كۆز يېشى قىلىدۇ.

— خاتىرەمدىن

ئەقىدە، پۇشايمان بىلەن يازغان خەتلىرىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتلىرىڭگە جاۋاب قايتۇرماسلىقنى ئويلاشقان بولسامۇ لېكىن خېتىڭنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى خالىمىدىم. بەلكىم خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن «يەنە بىر يېڭى تۇرمۇشۇڭ»نى باشلارسەن.

تۇرمۇش ئۆزىنىڭ شىرىن ئەسلىمىلىرى بىلەن گۈزەلدۇر. لېكىن، بۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ ماڭا قانچىلىغان ئۇنتۇلغۇسىز ئازابلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تۇرمۇش بىلەمدۇ؟! ياق «ئۇ» بىلمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بىلمەسلىكى ئەلۋەتتە قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، چۈنكى ماڭا پۈتۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ھەتتا بىر ئۆمۈر مەن بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىغا كۆپلىگەن شىرىن - شېكەر ۋەدىلەرنى بەرگەن، مەنسىز ياشيالمايدىغان ئاشۇ «ۋاپادار ئايالىم» ئەقىدە سەن بىلمەيسەنۇ، تۇرمۇش قانداق بىلسۇن!؟ ئەمما بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن. چۈنكى، سەن ئۆز باغرىڭنى يېرىپ چىققان «يۈرەك پارەڭ»نى تونۇمىغان، سەۋەبى قەلبىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى بىلمىگەن يەردە مېنىڭ بۇ ئازابلىرىمنى بىلىشىڭ، چۈشىنىشىڭ مۇمكىنمۇ؟!

ياق ، ياق···

ئەقىدە ، ئوغلىمىز كەۋسەرنىڭ كىچىلىرى چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئاپا ، ئاپا دەپ توۋلىغىنىنى سەن بىلەمسەن ؟ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى ھەتتا ئۆزۈڭمۇ بىلمىگەن يەردە بۇ سېغىنغانلىق توۋلاشلارنى ، ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان بىر سەبىينىڭ مۇھەببەتلىك چاقىرىشلىرىنى قانداقمۇ بىلەرسەن ؟

بىلسەڭكى ئەقىدە ، ئوغلىمىز كەۋسەر ھەر قېتىم چۈچۈك تىللىرى بىلەن «ئاپا» دەپ چاقىرغان شۇ مىنۇت ، شۇ دەقىقىلەردە يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋېلىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كېتىمەن .

مەن ئېچىنىمەن ، كەۋسەردەك مۇشۇنداق ئوماق ، ئەقىللىق زېرەك بىر بالىنىڭ سەندەك بىر «ئانا»نىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشۈپ ، ئانىلىق مېھرىگە قاناماستىن «يېتىملار كوچىسى»دا تىرىك «يېتىم» ئاتالغانلىقىغا ئېچىنىمەن .

بىلەمسەن ئەقىدە ، بۈگۈن 6 ـ سائەتلىك دەرستىن يېنىپ ئىشخانىدا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتىم ، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ كەۋسەر كىردى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى . مەن ئۇنىڭدىن «ئوغلۇم ، نېمە ئىش بولدى ؟» دەپ سورىشىم بىلەنلا ئۇ ئۆزىنى ماڭا ئاتقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . مەن ئۇنى ئاران دېگەندە بەزلەپ يىغىدىن توختىتىپ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم . ئۇ : «رەسىم دەرسىدە ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئانىسىنىڭ رەسىمىنى سىزىڭلار دېگەنتى ، مەن ئانامنى كۆرۈپ باقمىغاچقا سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزسام ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى ئانىسى يوق يېتىمكەن ، يېتىم ئوغلاق» دەپ زاڭلىق قىلدى ، دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە يىغلاپ كەتتى .

مەن ئوغلۇمنى باغرىمغا باستىم . يۈرىكىم قاتتىق ئازابلانغانلىقتىن كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىپ چۈشتى . ئەقىدە شۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە ساڭا قانچىلىك دەرىجىدە نەپرەتلەنگەنلىد-

كىمنى بىلەمسەن؟!
بىلەمسەن ئەقىدە، مەن سەندىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلماي-
مەن، پەقەت بۇ يېڭى تۇرمۇشىمىزدا «گۈل ئارىسىدىكى تىكەن»
بولماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.
ئىشىنىمەنكى، ئاتا - بالا ئىككىمىزنىڭ ئەتىكى تۇرمۇشى
بۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەل، تېخىمۇ شېرىن بولىدۇ.

## ئوقۇتقۇچى ئوغلۇمغا

(ئاتا تىلىدىن)

ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەكتىن،
مەن ساڭا ئورۇن بەردىم.
ئوغلۇم بار دەپ ھەر يەردە،
مەردانە كۆكرەك كەردىم.
— خاتىرىدىن

ئوغلۇم بۈگۈن سېنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىڭغا 24
يىل بولغان قۇتلۇق كۈنۈڭ، شۇنداقلا ئاتاڭنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق
قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق مۇنبىرىگە قەدەم باسقاندىن كېيىنكى تۇنجى
قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىڭ. بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە
سېنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەبرىكلەشنى ئويلاشقان بولساممۇ
لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ماددىي بۇيۇمنىڭ ئۆز قىممىتىنى
يوقىتىپ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى، يېڭىدىن ئۇ-
چۇرما بولۇپ قايناق ھاياتتا پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان سەندەك
بىر «قۇش بالىسى» ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىكى ئوزۇقنىڭ ماد-
دىي بۇيۇمغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك، مەڭگۈ ئەستىن چىقماي-

غىدەك سوۋغا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم .
ئوغلۇم ، قايسىبىر يازغۇچى :

بۇ دۇنيا بىر سەھنە ئادەمگە تولغان ،
ھەركىمگە ھەرخىل يول بېرىدۇ تەڭرى .
بىراۋلار مېڭىشقا يول تاپالمىسا ،
بىراۋنىڭ يوللىرى دېڭىزدەك كەڭرى .

ھايات ئۇ بىر مەيدان كەسكىن قايناق جەڭ ،
ئۇ جەسۇر كىشىگە كۆڭۈللۈكتۇر ئەڭ .
ۋە لېكىن ئاگاھ بول بولمىغىن بىخۇد ،
بولمىسا پۇشايماندا قالىسەن ئۆزۈڭ .

دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن . شۇنداق ئوغلۇم تۇرمۇش ئۇ غايەت زور سەھنىگە ئوخشايدۇ . بۇ سەھنىدە رولنى ئوبدان ئالالايدىسەڭ ئۆزۈڭگە ماس كېلىدىغان رولنى تاللا . كىشىلەرگە تەلمۈرمە ، بۇ چىقىش يولى ئەمەس ، خۇشامەتچى بولما ، ئۇ ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىدۇ . نەپسىڭنىڭ قۇلى بولۇپ قالما ، ئۇ ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ . ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمە ، ئۇ سېنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ . بېشىڭغا كەلگەن قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە نادامەتلەرنى خۇشاللىق دەپ بىل ، قوبۇل قىل . چۈنكى ، رەڭگارەڭ ئادەملەرگە تولغان بۇ تۇرمۇش جەڭ مەيدانىنىڭ ئۆزى . ئاجىزلىرى زاۋال تاپىدۇ ، غالىبلىرى ۋىسال . تۇرمۇش قاينىمىدا ئۈمىدسىزلىككە غەرق بولۇپ ، قايغۇ ـ ئەلەم تارتقان چاغلىرىڭدا ھەرگىزمۇ ئازابلىق ئۆتمۈشۈڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈپ قايغۇرما ، بەلكى ئالغا ئىنتىلىش روھىڭنى ساقلا ، ئازابلىق چاغلىرىڭنى ئۇنتۇپ ، رىئاللىققا قانداق يۈزلىنىش ئۈستىدە ئويلان . سەن بەلكىم قاتتىق قول ، ئەمما ئىقتىدارسىز باشلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىڭ ياكى سەندىن قۇسۇر ئىزدەيدىغانلار بىلەن بىرگە

ئىشلەپ قېلىشىڭ ۋە ياكى پۇتلىشىپ دۈم چۈشكەن چاغلىرىڭدا
تونۇشلىرىڭنىڭ كۆرمەسكە سېلىپ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قال-
غانلىقىنى ئۇچرىتىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، بۇلار ئۈچۈن ئارتۇقچە
ئاھ ئۇرما، ئازابلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەجىر - مېھنەتكە
ئۆزۈڭنى ئېتىپ، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئورۇندا،
چۈنكى پەقەت تەر تۆكۈپ مېھنەت قىلساڭلا پايدىسىز شارائىتلار-
دىن، مۇشكۇلاتلاردىن غالىب كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت گۈللىرىڭنى
ئېچىلدۇرالايسەن، قەلب ئاسمىنىڭدىكى ھىجرانلىق بۇلۇتلارنى
بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل ھاياتىڭنى قۇياش نۇرىغا چۆمدۈرەلەيسەن.
قىسقىسى ئوغلۇم، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ۋىسال تېپىش ئۈچۈن
يالغۇز گۈزەل ئارزۇ - ئارمان ۋە ئۇلۇغۋار نىشانىڭ بولۇشىلا
كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئالدىنقى شەرت تىرىشماق كې-
رەكتۇر.

ۋەھالەنكى ئوغلۇم، ھەر ۋاقىت غالىبلاردىن بولىمەن دەپ
تىرىشىشلا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئۆزۈڭنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇ-
مەن دەيدىكەنسەن ھەر دائىم ئۆزۈڭ ئۈستىدە قايتا ئويلان، بۇن-
داق دېسەم «مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈم ئۈستىدە قايتا ئويلىنىمەن،
بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟» دەپ قېلىشىڭ مۇمكىن. بار ئوغ-
لۇم، دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ، سەن خاراكتېرىڭدىكى
كەمچىللىك، تەجرىبەڭدىكى يېتەرسىزلىك، تۇرمۇش ئەمەلىيى-
تىڭنىڭ خاملىقى تۈپەيلىدىن ھەمىشە گەپ - سۆز، ھەرىكەتتە
خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇشۇڭ مۇم-
كىن، يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر سېنىڭ
ياخشى تەرىپىڭنىلا سۆزلەيدۇ، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ،
سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىڭدىكى خاتالىقلارنى سېزىپ تۇرسىمۇ بۇلار-
نى ساڭا تىنمايدۇ. مانا بۇلار سېنىڭ ئۆزۈڭ ئۈستىدە قايتا
ئويلىنىشىڭنى جىددىي كۈتىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭ ئۈستىدە قايتا
ئويلانساڭ، سۆز - ھەرىكەت ۋە نىشانىڭنى توغرىلاپلا قالماستىن

بەلكى، ئۆزۈڭنىمۇ ئالغا ئىتتىرىدىغانلىقىڭنى بىلگىنىڭدە پەقەت شۇ سۆزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى ئالغا يېتەكلىيەلەيسەن، خالاس.

ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ، تىرىشچانلىق بىلەن بىر-گە يەنە ئۆز تالانتىڭنى نامايان قىلىش، كىشىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تەمكىن، ئازادە تۇتۇش-نى ئادەت قىل. بۇلار سېنى ئۆزگىچە سالاپەتكە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا سېنى ئۆزگىچە سالاپەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىڭدا كەم بولسا بولمايدۇ.

ئوغلۇم، قايسىبىر يازغۇچىمىز: «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەت ھامىنى باش كۆتۈرىدۇ، لېكىن مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ كۆلپەتلىك تەقدى-رى نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن. سەن ئىنسانلارنى نادانلىقتىن، كۆلپەتلىك تەقدىرنىڭ ئاسارىتى-دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۆتكۈر قورالى بولغان «ئوقۇتقۇ-چى»لىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىكەنسەن، بۇ شەۋكەتلىك نامنى خار قىلما. ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى شەرەپلىك، ئەمما جاپالىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر خىزمەت. چۈنكى، سەن يې-ڭى بىر ئىنساننى يارىتىسەن ياكى بولمىسا، نابۇت قىلىسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى ئوغلۇم، ھەربىر سۆزۈڭ، قىلغان ھەربىر ئىش- ھەرىكىتىڭ ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ. سېنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن يامان تەسىرىڭ تارىم دەرياسىدا تۈمەن مىڭ يىل چىلىنىپ ياتساڭمۇ يۇيۇغىلى بولمايدىغان داغقا، ساقايماس جاراھەتكە ئايلىنى-دۇ. ئوغلۇم مۇنبەردە ئۆتكەن ھەربىر مىنۇت، سېكۇنت ۋاقىتنى پۇرسەت ۋە ئامەت دەپ بىلىپ، ئۇنى قەدىرلە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغان قارا كۆز بالىلىرىنىڭ قەلبىنى يورۇ-تۇشقا تىرىش، ئۇلارنى ئالدىما. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنى ئالداش كەچۈرگۈسىز جىنايەت، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ مەسۇم بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا سېنىڭ قولۇڭ-دا.

ئوغلۇم ، ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت دەرسلىكتىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئۆلۈكلا قويۇپ قويۇش ئەمەس ، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ، ئەقىل بۇلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئاساس يارىتىش ، يەنە بىر جەھەتتىن ياشاش ، پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىش . بۇ ھەرگىزمۇ شەكىللىۋاز- لىق ، قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن سەن دەرسلىكتىكى ھەربىر نۇقتا ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ھايات دېڭىزىغا باشلاپ كىرىشىڭ ، ئۇلارنىڭ قەلبى- گە سىڭىپ كىرىشىڭ ، ئۇلارغا تۇرمۇش ۋە ھاياتنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بېرىشىڭ كېرەك .

ئوغلۇم ، مەكتەپ بالىلار ئۈچۈن بىر جەننەت ، سەن ھەر- گىزمۇ ئىقتىدارسىزلىقىڭ ، زالىملىقىڭ بىلەن ئۇنى دوزاخقا ئاي- لاندۇرۇپ قويما . بالىلار سەندىن قاچمىسۇن بەلكى پەرۋانىدەك ئەتراپىڭدا ئايلىنىپ يۈرسۇن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇم ، بالىلارنىڭ ھەربىر سائەتلىك دەرسكە سەل قارىما ، بىر سائەتلىك دەرسنى بوش قويساڭ ئوتتۇز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇز سائەتلىك ۋاقتىغا خىيانەت قىلغان بولىسەن . ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويغا- دەك ئۆزۈڭمۇ تەلەپچان بول ، زالىم بولما . ئوقۇغۇچىلارنى «دۆت ، گالۋاڭ» دېگەندەك سەت سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىمە ، بالىلار ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس ، بۇ سېنىڭ تەجرىبىسىزلى- كىڭدىن ، نادانلىقىڭدىن ، ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىدىن دېرەك بېرى- دۇ . ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىتى نېمىنى ئوقۇتۇش ئەمەس ، بەلكى قانداق ئوقۇتۇش . شۇڭا ئوغلۇم ، ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ھالدا كىتاب- تىكى ئىبارىلەرگە باغلىنىپ قالما . كىتابنى ئۆزۈڭگە دوست تۇت ، كىتاب سېنى تەپەككۇر ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇ- رۇپ ، خالىغان مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ . سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ قان- چە كۆپ بولسا ، ئوقۇغۇچىلار ئالىدىغان نەپمۇ شۇنچە كۆپ بولى- دۇ . باشقىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ شۇنچە زىيادە بولىدۇ .

ئوغلۇم ، هازىر يېڭى دەرسلىك يولغا قويۇلدى ، بۇنىڭ مەق-
سىتى ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىمتىھاندىن
ئۆتكۈزۈش ئەمەس ، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلەيدى-
غان ، ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئىنسانىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇ-
رالايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش . بۇ مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە
تەقدىرىگە ، گۈللىنىشىگە ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە مۇناسىۋەت-
لىك مۇھىم مەسىلە . سەن مۇشۇ مەسىلىلەرنى تولۇق هەل قىلا-
لىغان ۋاقتىڭدىلا ئەۋلادلارغا ، كەسپىڭگە ، جەمىيىتىڭگە ، ۋىجدانىڭغا
يۈز كېلەلەيسەن !

ئامان بول ئوغلۇم ، سېنى سۆيۈپ :

ئاتاڭدىن .

ئېرشات ھېيتاخۇن

# سۈبھى چېچەكلىرى

## 1

يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتامسەن جېنىم؟! ئۇلار ئاسمان گۈمبى-
زىنىڭ زىننىتى بولسا، سەن قەلبىم باغچىسىنىڭ زىننىتىدۇر-
سەن، قەلبىم قاراڭغۇلۇقلىرىغا نۇر چاچقۇچى يورۇق يۇلتۇز-
سەن! جېنىم، يۈرىكىم قات - قاتلىرىدا سامان يۇلتۇزلىرى كەبى
چاراقلاپ تۇرغىن ئەبەد نۇر چېچىپ، ھەيران قالسۇن پۈتۈن
كائىنات، سەن بولغىن توقۇمىچى قىز مەن بولاي پادىچى يىگىت،
تارقالسۇن سۆيگۈمىزدىن يېڭى رىۋايەت!

## 2

بىلەمسەن ئامرىقىم؟ سۆيگۈ پەقەت ھەقىقىي سۆيۈشنى بىل-
گەنلەر ئۈچۈنلا ئېيتىلغان سۆزدۇر.

## 3

ئەي قەلبىمدىكى رەيھانگۈل، پۇراقلىرىڭ مەستخۇشلۇقىدا
ئىمجاندۇرمەن، ئىمجاندۇرمەن بىلەمسەن ئۇنى؟ رەيھانگۈلۈم،
سەن مېنىڭ قەلبىمدىكى يېزىلمىغان شېئىر. ئېچىلمىغان گۈل،
تېرىلمىغان بوز يەرسەن گويا، مەن سېنى قەلبىم تەشتەكلىرىگە
كۆچۈرگەندىن بۇيان يۈرىكىمنىڭ ئەڭ ھارارەتلىك، ئەڭ پىغانلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

جايلىرىدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن ، چۈنكى مەن سېنىڭ ھامان بىر كۈنى دۇنيادىكى ئەڭ نادىر بىر پارچە شېئىرغا ، ئەڭ گۈزەل بىر دەستە گۈلگە ، ئەڭ مۇنبەت بىر پارچە يەرگە ئايلىنىشىڭغا چىن دىلىمدىن ئىشىنىمەن ئامرىقىم !

## 4

ئوغلۇم ، ئەينەك رامكىدىكى بومبا ساقالدىن قورقىمەن دې-گىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ سېنىڭ بوۋاڭ ، يەنى مېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەسلىي قىياپىتىمىز !...

## 5

دەريا ھەرقانچە دولقۇنلاپ پۈتۈن يەر - زېمىننى دەققە ئىچىدىلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك ، قىرغاقتا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئاتقىنى بىلەن ئۆز قوينىدىكى ئەركىن بېلىقلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇۋېلىۋاتقان بېلىقچى ئالدىدا يەنىلا ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس .

## 6

سەن ئىنسانىي غۇرۇر ۋە مېھرىبانلىق توغرۇلۇق شالىڭنى چېچىپ سۆزلەۋاتقىنىڭدا سېنىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان خوتۇنۇڭ بىلەن تېخى يېشىغا توشمىغان نارەسىدە بالاڭ تۇغقانلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ قاراڭغۇ كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرمەكتە .

## 7

بۇلبۇلغا قارا ، ئۇ ئۇيقۇ لەشكەرلىرىنىڭ دەھشەتلىك قىيناق-

لىرىغا ، سەھەرنىڭ نازلىق جىلمىيىشلىرىغا باش ئەگمەي ، قىد-
زىلگۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ سايراپ ، ئىنسانلارغا ئاجايىپ
مۇقەددەس سۆيگۈ ئاتا قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ نامى تىللاردا
داستان بولۇۋاتىدۇ .

## 8

ئوغلۇم ، بىلسەڭ سەھەردە بەرىكەت بار ، سەھەردە نېمەت
بار ، سەھەردە ھېكمەت بار . ئىشەن ئوغلۇم ، سېنىڭ غايىلىرىڭ
ئاشۇ ھېكمەتلىك سەھەرلەرنىڭ بىرىدە تەۋەللۇت بولغۇسىدۇر !

## 9

قۇشلارغا قارا ، ئۇلارنىڭ سەھەردە ھاياتلىقى ئۈچۈن باغلار-
دا ، ھويلا ـ ئاراملاردا ، ئېتىز ـ قىرلاردا ئالدىراش ئوزۇقلۇق
ئىزدەپ يۈرۈشلىرى سېنى ئويغا سالمىدىمۇ ، دوستۇم ؟ !

## 10

سەھەر ئاقىل ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر پۇرسەت ، نادان ئۈچۈن
ئېغىر يۈكتۇر .

## 11

سەھەر — بايلىق ، سەھەر بەخت ، سەھەر يېڭى بىر كۈننى
تۇغۇش ئالدىدا قاتتىق تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان سۆيۈملۈك ئانا !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئارزۇگۇل ئابدۇرېھىم

# پەخىرلىمەن دادا !

دادا ، بۈگۈن يەنە سىزنى يوقلاپ كەلدىم . كۆرۈۋاتامدىغانسەن ؟ سىزنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىڭىزغا توپتوغرا بىر يىل بەش ئاي بولدى . سىزنى قاتتىق سېغىندىم . يۈرىكىم ئېغىر مۇسىبەت ئىسكەنجىسىدە مۇجۇلۇۋاتىدۇ ، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم . كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ نام ـ نىشانەڭ ئۆچۈن دۆۋىلەنگەن تۇپراق — قەبرە .

مەن ئىنسانلارنىڭ بۇ ئاخىرقى مەنزىلگاھىغا قارىغانسېرى ، كۆز ئالدىمدىن سىزنىڭ ھايات مۇساپەڭ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

مەن سەندەك بىر ھالال ئىنساننىڭ پۇشتىدىن تۆرەلدىم ، ئانام مېنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى . ئانامنىڭ ئېيتىشىچە ، سەن مەن تۇغۇلغاندا خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىكەنسەن .

ئېسىمدە قېلىشىچە ، سەن تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا ، ئەمما ناھايىتىمۇ بەستلىك ، قاملاشقان ئادەم ئىدىڭ . مەيدىسىگە «نېفىت» دېگەن خەت بېسىلغان شىرىما چاپان سىزنىڭ بەستلىك قامىتىڭگە ئاجايىپ يارىشاتتى . ھەر قېتىم بورىۋايدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭدا ، شۇنچە كۆپ نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدىنمۇ سىزنى تونۇۋالالايتتىم . چۈنكى ، سىزنىڭ بۇركۇتتەك كۆزلىرىڭ ، جاپادىن ئېگىلمەيدىغان بەستىڭ ، مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇمغا خۇددى ئويما رەسىمدەك ئويۇلۇپ كەتكەنىكەن . ھازىر ئويلىسام ، شۇ يىللار سىزنىڭ مۇشەققەت داۋانلىرىدا ھارغىنىڭىزنى بىلمەي

ئۆرلەۋاتقان قىران ۋاقىتلىرىڭ ئىكەندۇق .

بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ . ئۇ بىر ياش ۋاقىتلىرىمغۇ دەيمەن . قىش پەسلىنىڭ قاتتىق سوغۇق بىر ئاخشىمى پۈتۈن يەر يۈزىدىكى جانلىقلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ، ھەتتا ئايمۇ ئۇخلاپ قالغاندەك جامالىنى بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇۋالغان بولۇپ ، پۈتكۈل جاھان تۈن قاراڭغۇسىغا چۆمگەنىدى . توساتتىن كەينى دېرىزىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى ھەممىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزدى . ئارقىدىنلا بىرسى سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىردى ۋە :

— جىددىي ۋەزىپە بار ، چاققان ئىشقا چىق ، بورىۋايغا سېمونت يېتىشمەيۋېتىپتۇ ، تېز بول ! — دەپلا يەنە بىر خىزمەتدىشىڭنىڭ دېرىزىسىنى ئۇرۇشقا باشلىدى . سەن چاچراپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ - دە ، ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدىڭ . مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ سەندىن :

— دادا ، تاڭ ئاتتىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم . سەن :

— قىزىم ، ماڭا ئەتىگەن بىلەن كەچنىڭ پەرقى يوق ، ئەمما ساڭا تېخى تاڭ ئاتمىدى . ئوبدان ئارام ئال ، ئەتە تېخى مەكتەپكە بارىسەن دېدىڭ . مەن ئۆزۈمنى ياستۇققا تاشلاپلا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن . سەن شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەلدىڭ . شۇ چاغدىكى ھالىتىڭ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە ، پۈتۈن كىيىم - كېچەكلىرىڭ بىر قەۋەت سېمونت بىلەن بولغانغان ، يۈز - كۆزۈڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ . سەن خۇددى ئۇستا ھەيكەلتىراش ياسىغان لاي ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغاندىڭ . پەقەت ئىككى كۆزۈڭنىڭ مىدىرلاپ تۇرۇشىلا سېنىڭ ھاياتلىقىڭنى دەلىللەپ تۇراتتى . مەن شۇ چاغدا سەندىن :

— دادا ، سەن نېمىشقا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيسەن ؟ دەم ئالساڭ بولمامدۇ ؟ — دەپ سورىغىنىمدا ، سەن :

— مېنىڭ بۇنداق ئىشلىشىم سىلەرنىڭ كەلگۈسىدە ماڭا قارىغاندا ياخشىراق كۈن كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن ، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ .

دادا ، سەن ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئىدىڭ . سېنىڭ ئۆزۈڭنى ئويلىماي پەرزەنتلىرىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن چەككەن جاپا ـ مۇشەق-قەتلىرىڭ ، قەلبىمگە ھەقىقىي دادا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى-نىڭ ئۇرۇقىنى چاچقانىدى .

دادا ، ئەينى چاغدا مەن سېنى بەزىدە ئۈچ كۈندە ، بەزىدە بەش كۈندە ، ھەتتا بەزىدە ئون بەش كۈندە بىر كۆرەتتىم . شۇڭلاشقىمۇ سېنى كۆرگەن ھامان قۇچىقىڭدىن چۈشمەي ئولتۇرۇۋالاتتىم . بەلكىم سېنى يەنە «قاچۇرۇپ» قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيدىغان بول-سام كېرەك . مەن سېنىڭ ئۈستۈۋاشلىرىڭنىڭ داۋاملىق سېمونت توزۇندىلىرى ۋە قاتقان پاتقاق بىلەن مىلەنگەن ھالىتىڭگە قاراپ ھەيران بولاتتىم . ھەتتا سېنىڭدىن :

— دادا سەن نېمىشقا كىيىملىرىڭنى پاكىز كىيمەي-سەن ؟ — دەپمۇ سورىغىنىم ئېسىمدە . سەن شۇ چاغدا :

— مېنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بېرىدىغان قىزىم تۇرسا ، كىيىملىرىمنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتى-شىدىن ئەنسىرىمەيمەن ـ دە ، — دېگەنىدىڭ .

مەن داۋاملىق ، «دادام قانداق يەردە خىزمەت قىلىدىغاندۇ ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ دادىسىدەك ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيگە پاكىز كەلمەيدىغاندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ قالاتتىم . شۇڭا سېنىڭ ئىش ئورنىڭنى بىر كۆرسەم دەيتتىم .

بىر قېتىملىق يازلىق تەتىل ۋاقتىدا مەن ، ئىش ئورنىڭغا بارىمەن دەپ قاتتىق يىغلاپ تۇرۇۋالدىم . مېنىڭ يىغام ئەسقاتتى ، سەن كۆز يېشىمغا چىدىمىدىڭ . مەن ئانامنىڭ : «كۈن بەك ئىسسىق ، ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ» دەپ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماي سەن بىلەن سېمونت توشۇش ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ، سېنىڭ خىزمەت ئورنىڭ — بورىۋايىغا قاراپ يول ئالدىم . بىز شەھەردىن چىقىپ ، شېغىل ياتقۇزۇلغان تۈز يولنى بويلاپ ، ئالغا ئىلگىرى-لەپ كېتىپ باراتتۇق . مەن ناھايىتىمۇ خۇشال ئىدىم ، چۈنكى

مەن ئاخىر مەقسىتىمگە يەتكەنىدىم . يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن ، ماشىنا بىر ئاچا يولغا بۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ماشىنا خۇددى كاتاڭ يولدا ماڭغان ئات هارۋىسىدەك چايقىلىپ مېڭىشقا باشلىدى . ئالدىمىزدا ماڭغان ئاپتوموبىلدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزانلار دەستىدىن يولنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . دېرىزە يوچۇقىدىن بۆسۈپ كىرگەن توپا توزۇندىلىرى كابىنكا ئىچىنى بىر ئالغان بولۇپ ، ئاغزى - بۇرنۇمنى چىڭ ئېتىۋالساممۇ توپىنىڭ ئاچچىق هىدى ، ئادەمنى قېقىلدۇرۇپ ، ناهايىتىمۇ بىئارام قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنىڭ چايقىلىشى بىلەن پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى . ئەمما ، سەن بۇنداق قېقىلىشلارغا كۆنۈپ قالغاندەك ئولتۇراتتىڭ . مەن غەلۋە قىلىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۈنۈمنى چىقارماي چىداپ ئولتۇردۇم . بىز ئاشۇنداق چايقىلىپ يېرىم سائەتتىن ئوشۇق يول يۈرگەندىن كېيىن ، ئاران دېگەندە سېنىڭ ئاغزىڭدىن «كەلدۇق» دېگەن سۆز چىقتى . ماشىنا توختاپ ، چاڭ - توزان بېسىققاندىن كېيىن ، ئاندىن مەن سېنىڭ «ئىش ئورنىڭ»نى كۆردۇم .

ماشىنا توختاپ بىر ئازدىن كېيىن كابىنكا ئىچى بىردىنلا تىنجىق بولۇپ كەتتى . مەن ئاستا ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم .

قۇياشنىڭ تەپتىدىن ئىسسىق يالقۇن ئۆرلەپ تۇراتتى . كۈچلۈك بوران شەكىللەندۈرگەن ، كىچىك - كىچىك قۇم بارخانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چېچەكلىگەن يۇلغۇنلار بۇ يەرنىڭ گۇۋاهچىسى سۈپىتىدە قىزىرىپ تۇراتتى . بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۈزلەڭلىكتە ئېگىز بىر تۆمۈر جازا تىكلەنگەن . تۆمۈر جازا ئۈستىدە بىر نەچچە ئادەم نېمىلەرنىدۇر قىلىپ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى قاراماي داغلىرى ۋە قانداقتۇر بىر سېرىق لاينىڭ پاتقاقلىرى بىلەن ئەسلىدىكى چاپاننىڭ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان هالغا كېلىپ قاپتۇ . تۆت يەرگە

بىر يېزىنىڭ چېدىر تىكىلگەن بولۇپ ، بۇ چېدىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆپ شەكىللىك تۆمۈر تۈڭدا لىق سۇ قاچىلانغان (كېيىن سىنىڭدىن بۇ سۇنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئىچىدىغان ، يۈز - كۆزنى يۇيىدىغان سۇيى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم ) .

سەن ماشىنىدىن چۈشتۈڭ - دە ، دەممۇ ئالماي ماشىنا ئەتراپىغا ئولاشقان خىزمەتداشلىرىڭغا قوشۇلۇپ ، سېمونت خالتىنى مۈرەڭگە ئېلىپ ، ھېلىقى تۆمۈر جازا يېنىغا توشۇشقا باشلىدىڭ . مەن شۇنىڭدىن كېيىن ، سېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭنىڭ پاكىز تۇرماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم .

مېھرىبان دادا ، ئانامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، يۇرتۇم ئاسمىنىنى قاراڭغۇ تۇن قاپلىغان قاباھەتلىك يىللاردا ، سەنمۇ باشقا نېفىت ئىشچىلىرىغا ئوخشاشلا ، جاھالەت قەپىسىدىكى تۇتقۇن بۇركۇتتەك ئەركىنلىكىڭدىن مەھرۇم قالساڭمۇ ، ئاشۇ دەھشەتلىك يىللارنىڭ سىنىقىغا قەيسەر ئىرادەڭ ، ئېگىلمەس روھىڭ بىلەن بەرداشلىق بەرگەنىكەنسەن .

ئېھ جاپاكەش دادا ، ئەنە شۇنداق جاپالىق يىللاردىمۇ مەن سېنىڭ ئاغزىڭدىن ۋايسىغىنىڭنى ، زارلانغانلىقىڭنى ئاڭلاپ باقمىدىم . ئەكسىچە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپمۇ ، كېچىلىرى ئاغرىق ئازابىدىن ئۇخلىيالمىغان ۋاقىتلىرىڭدىمۇ ، ئەنە شۇ يىللاردىكى قايناق ئەمگەك مەيدانلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى زوق بىلەن يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆيۈنۈپ سۆزلەپ كېتەتتىڭ . شۇ ئىشلارنى سۆزلىگەن ۋاقتىڭدا بىر جۈپ كۆزۈڭدىن چاقنىغان ھاياجان ئۇچقۇنلىرىدىن مەن سېنىڭ ئەينى يىللاردىكى جەسۇرانە قىياپىتىڭنى كۆرگەندەك بولاتتىم . شۇ ھالىتىڭنى ئەسلىسەم سېنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ھەم سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىڭنى ھېلىمۇ ھەم ھېس قىلىمەن .

دادا ، سەن شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىكسەنكى ، سەن ماڭا خۇددى يەر - جاھانغا ھارارەت بېغىشلىغۇچى قۇياشتەك ئىللىق مېھ-

رىڭنى، پاك ـ غۇبارسىز ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىڭ ۋە خىرۇستالدەك سۈزۈك ئەقىدەڭنى ئاتا قىلدىڭ. ئۆزۈڭگە بولسا، جاپا مۇشەققەتنى ھەمراھ قىلدىڭ.

سەن شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈملۈكسەنكى — ماڭا غايە، ئىستىقبال، بەخت ئاتا قىلدىڭ. ئۆزۈڭگە بولسا چىن ئىنساننىڭ — ئۇلۇغ دادىنىڭ ئاتىلىق ھېسسىياتىنى ھەمراھ قىلدىڭ.

ئېھ دادا، مەن ئاخىر سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن ئەركىلىتىشىڭدىن مەھرۇم قالدىم، خەستە يۈرىكىم پۇچىلاندى، ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ كۈزدە بالدۇرلا سارغىيىدىغان يوپۇرمىقىدەك ۋاقىتسىز سارغايدىم. سەن خۇددى ئۇپرىماس پەلەمپەيدەك مېنىڭ ئېغىرىمنى يېنىكلىتىپ، ھايات يولىدا تەمتىرەتمەي، پۈتكۈل قان- تەرىڭ بەدىلىگە ياشلىقىڭنى ماڭا تەسەددۇق قىلغانىدىڭ. نىھايەت، مەن بىر ئۇلۇغ دادىدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئەمدى ئويلىسام ئالەم سەن بولغاچقا نۇرلۇق، ھاياتىم مەنىلىك ئۆتكەنىكەن.

ئېھ دادا، ھەر قېتىم «دادا» دېگەن ئۇلۇغ نامىڭنى چەكسىز ھۆرمەت، قايىللىق ۋە ئېھتىرام بىلەن زىكرى قىلغان ۋاقتىمدا، بىر شېرىن ئېقىم ئاۋۋال يۈرىكىمگە، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، يۈرەك باغرىمنى گويا ماگىمىدەك ئېرىتىدۇ. ئەمما، «ھە» دەيدىغان ئادەم يوق.

قەدىرلىك دادا، سەن ماڭا ئۆز ـ ئۆزۈمنى تونۇيدىغان ئەينەكنى قالدۇرۇپ كەتتىڭ. كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلدۈردىڭ. غۇبارسىز ئەجرىڭ بىلەن قەلبىمگە مۇقەددەس بۇرچنىڭ ئۇرۇقىنى سالدىڭ ۋە ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىقنى، ئادەمدەك ياشاشنى ئۆگەتتىڭ.

ھازىر مەن گۈزەل يۇرتۇمنىڭ ئازادە يوللىرىغا، خۇددى كۆك بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ئېگىز بىنالىرىغا، كىشىگە باغچىنى ئەسلىتىدىغان گۈزەل ئاھالىلەر رايونلىرىغا، ئادەمنى سانسىز چولپان يۇلتۇزلار يەرگە چۈشكەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدىغان

گۈزەل كېچىسى... گە نەزەر سالغان ۋاقتىمدا، سەن ئۇ ئەينى چاغدا سەن بىلەن بىرگە يۇرتۇمنىڭ بۇگۈنى ئۈچۈن قان تەن-نى ، ياشلىقىنى بېغىشلىغان ئاشۇ نېفىت ئىشچىلىرىنى چەكسىز هۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن . شۇڭلاشقىمۇ ئەينى چاغدىلا مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە ساڭا بولغان هۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشقان بول-سا ، هازىرقى بەختىيار تۇرمۇشۇمدىن ھەر بىر سۆيۈنگەن چاغدا ، ساڭا بولغان ئېتىقادىم قەلبىم قەسرىدە ئابىدە بولۇپ تىكلىنىدۇ . ئىھ دادا ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭدەك قەيسەر نېفىت ئىشچىسىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىمدىن بىر ئۆمۈر پەخىرلىنىپ ياشايمەن . چۈنكى ، مېنىڭ تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئۈمىدۋار ، غايىلىك ، قەيسەر نېفىت ئىشچىسىنىڭ قېنى !

دادا ، مەن هازىر باشقىلاردەك دادا مېھرىگە ئىگە بولالمىسام-مۇ ، لېكىن سېنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك قەلبىڭ ، ئەزىم دەريا-دەك كەڭ كۆڭلى - كۆكسىڭ ، نۇرلۇق سىيمايىڭ ۋە يۈكسەك پەزىلىتىڭنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى مەڭگۈ يول كۆرسەتكۈچى ما-ياكتەك ماڭا يول كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .

دىلنۇر ياسىن

# كېتىمەن

مەن يىراققا كەتمەكچى بولدۇم، كېتىمەن… سەن ئۈچۈن سەدپارە بولغان زېدە يۈرىكىمنى ماكاندىن زەررىچە تەسەللى تاپالمىدىم، زارلاندىم… ئوتتۇردا كۆيۈپ، سۆيۈگدە ئاقتىم… ۋۇجۇدۇم خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى… يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرىم تالدى. روھىي دۇنيايىم ھەسرەت ـ نادامەتكە تولدى، بۇنى بىلمىدىڭ، بىلەلمىدىڭ، بىلەي دېمىدىڭ…خەير ـ خوش مەن كېتەي… يىراقلارغا — كۆزۈڭ، ئۈنۈڭ، قەدىمىڭ يەتمەيدىغان يىراقلارغا كېتەي…

# كەتمەيمەن

ماشىنا قوزغالدى. قەلبىمنى تۈگىمەس ئازابلارغا سالغان سەن ۋە سەن تۇرغان ئاشۇ شەھەر ئاستا ـ ئاستا ئارقامدا قالدى… سېنى كۈتكەن ئاشۇ كۆۋرۈك… ھەسرەتلىك ياشلىرىم تۆكۈلگەن ئاشۇ دەريا غايىب بولۇشقا باشلىدى. جۇدالىق ھەسرىتى ئىچىمنى قورقۇنچ بىلەن قاپلىدى…

ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىگەن ئوتلار ھېچ پەسكويغا چۈشمىگەندەك ئەمەس… يۈرەك سوقۇشۇم رىتىمسىزلىشىپ، تىنىقىم جىددىيلەشكە، تەنلىرىم جۇغۇلداپ، نەپسىم بوغۇلۇشقا باشلىدى… بىر غايىۋى كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن تۈۋلىدىم «ياق… ياق… مەن كەتمەيمەن… كەتمەيمەن… بۇ ماكاندا ئۈنىڭ ھىدى بار… ئۈنىڭ ئىزلىرى بار…»

## بىلەمسەن

بىلەمسەن؟... مۇشۇ ماكاندا ساڭا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۈمىدسىز مۇھەببەتتىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان بىر نىمجاننىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟! قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقىنىڭدا، ئويناپ كىلىۋاتقىنىڭدا، غەمسىز يۈرۈۋاتقىنىڭدا... تەشنالىقتا يولۇڭغا تەلمۈرگەن خۇمار كۆزلەردىن ياشلار تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى... قامىغان يۈرەكتىن قانلار ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟!... قەلبىمدىكى جاراھەت كۈنسىرى چوڭايماقتا، دەردلىرىم كۆپەيمەكتە، سەنسىز ئالەم قاراڭغۇ ماڭا، سەنسىز ياشىماق ئەلەمدۇر ماڭا... بۇنى بىلەمسەن؟!...

## بىلمەيسەن

سوئال نەزىرىڭ بىلەن تىكىلىپ قاراپ ئالدىمدا تۇراتتىڭ. مەن تەشنا بولغان كۆزلەر، يۈزلەر، سۆزلەر... مۇشۇ ھالەتنى چۈشلىرىمدە سانسىز قېتىملاپ كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ دىمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى سانسىز قېتىملاپ يادلىغان ئەمەسمۇ؟... نىمە بولدى؟! زادى نىمە بولدى؟! تىلىم تۇتۇلدى، گېلىم بوغۇلدى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى، قۇلاقلىرىم پاڭ، ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم... مەن مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈۋاتىمەن... ئۆلدۈم... سەن قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا تۇراتتىڭ. نىمە بولدۇم؟!... نىمە بولۇۋاتىمەن؟!... سەن بىلەمسەن؟! بىلمەيسەن!

## پۇشايمان قىلدىم

ئۇلار كۈلدى. بۇ مەسخىرە كۈلكىسى ئىدى. ئۇلار كۈلۈشكە ھەقلىق!... مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان قەدىرسىز مۇھەب-

بەتنىڭ رىشتىگە باغلانغانىدىم . ئۆزىدىن باشقىنى سۆيمەيدىغان... دۇنيادا پاك ئەقىدە ، ساپ مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى قىلچە چۈشەن- مەيدىغان بىر نادانغا كۆيگەنىدىم... ھەقىقەتەن سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم ، قانداقمۇ سۆيۈلسۇن ؟ !... ساپ ھەم پاك سۆيگۈمنى بىر نادانغا ئاتىغىنىم ئۈچۈن چەكسىز پۇشايمان قىلدىم !...

## پۇشايمان قىلمايمەن

ئەمدى بىلدىم . ئۆكۈنۈشكە ، ئازابلىنىشقا ، زارلىنىشقا تې- گىشلىك ئىنسان مەن ئەمەس ، بەلكى سەن ! سەن پۈتۈن ھاياتىم- نى ، ساپ مۇھەببىتىمنى ئاتا قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر كۆيۈم- لۈك ھەمراھىدىن ئايرىلدىڭ !... مەنىلىك تۈس ئېلىپ ، رەڭگارەڭ گۈللەرگە پۈركىنىش ئالدىدا تۇرغان مەنىۋى دۇنيايىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدى... سەن سۆيۈلۈشنى سۆيۈشتىن ئۈستۈن كۆرۈشۈڭ كېرەك ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر نادامەت ئىچىدە ياشايسەن !... نىقابىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن يىرتىپ تاشلى- دىم . سېنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايمەن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى

ئالىيە ئۆركىنباي

## چۈش

ئۇخلاپ قاپتىمەن . چۈشۈمدە ئەتراپىمدىكى غالجىر ئىتلار قولۇمنى چىشلەپ قانىتىۋەتكۈدەك ، كىيىمىمنى چىشلەپ يىرتىۋەتكۈدەك ، بەدەنلىرىمنى چىشلەپ تىتىۋەتكۈدەك ، ئىشقىلىپ تاشقى كۆرۈنۈشۈمنى ئادەم كۆرگۈسىز ھالەتكە ئۆزگەرتىپ قويغانىدى . باشقىلار ماڭا قاراپ زاڭلىق قىلىشماقتا ، كۈلۈشمەكتە ، مېنىڭ ئېچىلىپ قالغان. بەدەنلىرىمگە قوللىرىنى ئۇزىتىشماقتا ، يەنىلا بىر - بىرسىگە قارىشىپ ، پىچىرلىشىپ ئەيتاۋۇر ، مەن توغرۇلۇق بىر نەرسىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى . مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدىم .

مەغرۇر ، يەنىلا مەغرۇر كېتىپ بارىمەن...

چۈنكى ، ئۇلار مېنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىمنى ئۆزگەرتەلمەگەنىدى ، يۈرىكىمگە چىشى پاتمىغانىدى . خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىدىم .

ئاپلا ! ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا ئايلىنىپ قالدىمۇ ، نېمە ؟

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم . ئويغانسام ئۇلار ئەتراپىمدىكى غەيۋەتخورلار ئىكەن .

مەن مەغرۇر ، يەنىلا مەغرۇر كېتىپ بارىمەن...

## تىكەنلىك گۈل

باھار كەلدى . گۈللەر ئېچىلدى . پۈتۈن ئەتراپنى خۇش

پۇراق قاپلىدى . قۇشلار يېقىملىق سايراشقا باشلىدى . مەلۇم بىر كۈنى ، مەن باغلارنى سەيلە قىلىۋېتىپ چىرايلىق بىر گۈلگە كۆزۈم چۈشتى . ئۇنىڭغا ئالدىراپ قول ئۇزاتتىم ۋە ئۈزۈۋېلىپ مەيدەمگە تاقىۋالدىم . گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى .

كۈز كەلدى . دەرەخلەر قۇرۇپ ، گۈللەر توزۇپ ، غازاڭلار ئۇچۇپ ، يوپۇرماقلار تۆكۈلدى . ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىم ۋايسىغىلى تۇردى . ئاپلا ! ھېلىقى بىر چىرايلىق گۈلمۇ توزۇپ - يوقىلىپ يۈرىكىمگە بىر تال تىكىنىلا سانجىلىپ قالغانىدى .

مانا شۇ تىكەن مېنىڭ يۈرىكىمگە ، ياق ، يۈرىكىمگىلا ئەمەس پۈتۈن بەدەنلىرىمگە سانجىلماقتا ، مېنى ئازابلىماقتا .

مەن شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتەي دەپمۇ چىقىرىۋېتەلمىدىم . بەدەنلىرىمدىن ئاجرىتىۋېتەي دەپمۇ ئاجرىتىۋېتەلمىدىم .

كىممۇ ئويلىغان ، شۇنداق چىرايلىق گۈلنىڭمۇ تىكىنى بولىدىغانلىقىنى ؟ !

## بوز تورغاي

ھەي بوز تورغاي ، يېنىمغا كەلگىن . سەن نېمە ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك تەنھا پەرۋاز قىلىدىغانسەن ؟

سەن مېنىڭ بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ، مارجاندەك تۆكۈلۈپ ، يامغۇردەك ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمغا قاراپ ماڭا ھەيران قېلىۋاتامسەن ، زۇۋانمۇ سۈرمەستىن تەنھا يۈرۈشۈمگە قاراپ مېنى ئەخمەق دەۋاتامسەن - يا ؟ سەن مېنى ئەيىبلىگىن ، يېنىمغا كەلگىن ، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ يۈرەك سىرلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي . سېنىڭمۇ ئېيتالمىغان دەردلىرىڭ ، ئېچىلمىغان سىرلىرىڭ ، يېتەلمىگەن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ باردۇر . يېنىمغا كەلگىن ، سەنمۇ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىن ، مەن سېنىڭ سىرداشىڭ بولاي . ئىككىمىز بىرلىكتە مۇڭدىشىپ ، يۈرەك سىرلىرىمىزنى تۆكۈ-

شۇپ ، ئىچىمىزنى بوشىتىۋالايلى .

ھەي ، بوز تورغاي ، سەن ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت ئىلاھىنى بىلەمسەن . مەن بۇرۇن دولقۇنلاپ تۇرغان تەشنالىقىم ، ئالاقۇلداپ تۇرغان قىزلىق ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانىدىم . لې-كىن ، ئۇ بۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى . مېنى تاشلاپ قايا-لارغىدۇر غايىب بولدى . شۇڭلاشقا ، مەن مۇھەببەت سەپىرىدە رەھىمسىز تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان بەختسىز ئىنسانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم .

ھەي ! بوزتورغاي ، مەن گەرچە بەختسىز ئىنسان بولساممۇ يەنىلا ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ كەلمەكتىمەن . ئۇنىڭ كۆزىدىن ھەق-قىي بەختكە تولغان شادلىق كۈلكىسىنى ئىزدىمەكتىمەن . ھېچ بىلمىدىم ، ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك غەمكىن كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ كۆز-لىرىگە قارىغان كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ . ئۇمۇ تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتامدۇ - يا ؟

ئۇ ئايرىلىش ئالدىدا ماڭا ئەخمەقلەرچە بەخت تىلىگەنىغۇ ! بىراق ، ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇ ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ ئۈلگۈرگەن بولسىدى كاشكى ، ئۇنداقمۇ كېتىپ قالمىغان بولات-تى .

ھەي ، بوزتورغاي ، سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن ، مەن ئۇنىڭغا چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەيمەن . ئۇ بەختلىك بولۇشقا تېگىشلىك . ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھايات سەپىرىدە سەمىمىيلىك ، ئاق كۆڭۈللۈك ، چىن - ھەقىقىي ئىنسان بالىسىغا مەنسۇپ بولغان بارلىق بەخت لەززىتىدىن ھوزۇرلانسۇن . مەن ئۇنىڭ بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن ھەقىقىي بەختكە تولغان ھايات كۈلكىسىنى كۆرۈشكە تەشنا !...

خەيرىنسا مەتىمىن

# بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ

مۈڭلىنىپ ئولتۇردۇم سوغۇق خانەمدە ،
ھەمراھدۇر ماڭا ئاي بىلەن شاراب .
مىڭ دەردكە مۇپتىلا بۇ مىسكىن يۈرەك ،
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس بۇ ئازاب .

مانا بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ بولدى . قولۇمدا سېنىڭ توي باغاقچەڭ... باغاقچە ئۈستىدە تويۇڭنى قۇتلۇقلاپ يېزىلغان مەدھىيە كۈيلىرى... كۆز ياشلىرىم يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك توي باغاقچەڭ ئۈستىگە سىنچىلاپ چۈشمەكتە... ئاھ تەڭرىم ! بۇ ئوڭۇممىدۇ ؟... چۈشۈممىدۇ ؟...

مانا ھېلىلا ناغرا - سۇناي ، داقا - دۇمباقلار تويۇڭنىڭ شوخ كۈيلىرىگە جور بولۇپ ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى . شۇ تاپتا قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقىنى سېنىڭ تويۇڭنىڭ شوخ كۈيلىرىمۇ ياكى يۈرىكىمنىڭ پارە - پارە بولغان مىسكىن قەلبىمنىڭ ئاچچىق ئەلەمگە تولغان ھەسرەتلىك پىچىرلاشلىرىمۇ ؟...

مانا بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ... سەن تويۇڭنىڭ شوخ كۈيلىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، سەن ئۈچۈن ئىلگىرى مەڭگۈلۈك بولغان ، ئاشۇ بارلىق كەچمىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ ، كېيىنكى بەختلىك كۈنلىرىڭنىڭ تۇنجى مېلودىيىسى بولغان مۇھەببەت كۈيلىرىنى ياڭراتقان ۋاقتىڭدا ، سەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان مەھبۇبەڭ بىلەن قولمۇ قول تۇتۇشۇپ ، مۇھەببەت شاھانىسىگە جور بولۇپ شادلانغان ۋاقتىڭدا... مەن سەن ئۈچۈن سوغۇق

خانەمدە ئالەمچە قايغۇرۇپ قانلىق ياش تۆكۈۋاتىمەن... مەن تولى-
مۇ ھەيرانمەن... توي سىگنالى ياڭرىتىپ ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن
ئۆتكىنىڭدە يۈرىكىڭنىڭ بىر يەرلىرى ماڭا تارتىلمىغىنىغا
ھەيرانمەن جېنىم؟... ئەلۋەتتە كۆيگەن ئوتنىڭ كۈلى قالار-
تىغۇ؟... سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلاۋاتىدۇ
... بەلكىم تەڭرىممۇ مېنىڭ مىسكىن كۆز ياشلىرىمغا ھەمدەم
بولۇش ئۈچۈن يامغۇر پەرىشتىسىنى ئەۋەتكەن چېغى؟... مانا
بۈگۈن كەچ ئۆتۈپ كەتسىلا ئەتىدىن باشلاپ سەن باشقا بىرىگە
تەۋە بولىسەن. يېڭى نىگارىڭ سېنىڭ بارلىقىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭغا
ھەمراھ بولۇپ مۇھەببەت ناخشىسى توۋلايسەن. ئوتلۇق قەسەم-
لەرنى بېرىسەن... مەن يەنىلا ئاشۇ غېرىبانە كەپەمنىڭ دېرىزىسى-
دىن ئاي بىلەن يۇلتۇزغا ھەمراھ بولۇپ ئەلەملىك شىۋىرلايمەن.
خالاس... بىلسەڭ ئىدىڭ يارىم!... شۇ تاپتا مۇھەببەت ئازابىنىڭ
ئۇنىڭ شادلىقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىۋاتىمەن... سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى
ئەمدىلەتتىن ھېس قىلىۋاتىمەن... ئاھ! شۇ تاپتا پۇرسەت بول-
سىتى، ئوچچۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىمنى مۇھەببەت خەنجىرى بى-
لەن يېرىپ تاشلاپ ساڭا بىر كۆرسەتكەن بولسام كاشكى!...
ئەلۋەتتە، بىر چاغلاردا مەنمۇ ساڭا كۆيگەن، سەنمۇ ماڭا
كۆيگەن. بىز بىر - بىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. بۇ
تۇيغۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ھېچقانداق بىر كۈچ توسالغۇ
بولالمايدىغاندەكلا... قوللىرىمىزنى چىڭ تۇتۇشۇپ ئايدىڭ كەچ-
لەردە مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈشكەندۇق... ئوتلۇق قەسەملەرنى
بېرىشكەندۇق... ئەپسۇسكى، مۇھەببەت تېمىمىز ئانچە مۇستەھ-
كەم بولمىسا كېرەك، مانا مۇشۇنداق گۈزەل، ئاتەشتەك سۆيگۈ-
مىز تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تېز-
دىنلا غۇلاپ چۈشتى. بىلەمسەن يارىم؟... تۇنجى بولۇپ ماڭا
مۇھەببەتنى سەن تونۇتقان. ئەپسۇس، ئۇنى قانداق قەدىرلەشنى
ئۆگىنىپ بولغۇچە مۇھەببەت ئازابى ئىككىمىزنى يىقىتىپ تاشلى-
دى. بىز ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ كىچىككىنە بوران - چاپقۇنلىرىغا

بەرداشلىق بېرەلمەي ، سۆيگۈمىزنى داۋاملاشتۇرماي ، مۇھەببەت ئۇچۇن كۈرەش قىلماي ، ئەكسىچە بىر ئىزدا توختىدۇق... بۇنى كىمدىن كۆرەي ؟ سەندىنمۇ ياكى ئۆزۈمدىنمۇ ؟ ياكى كىشىلەرنى ھەر كويغا سالىدىغان ، ھەممە بىردەك زارلىنىدىغان ئاشۇ ئاتالمىش «تەقدىر» دىنمۇ ؟... ئەمما مۇشۇنداق ئازابلىق سۆيگۈلەرنى بىز ئىنسانلار ئۆزىمىز يارىتىمىزغۇ ؟... قەدىمدىن تارتىپ مۇھەببەت دەستۇرلىرىدا چىن ئاشىق - مەشۇقلار ، ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ ئىشقىي سۇلتانلىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تاھىر - زۆھرە ، لەيلى - مەجنۇن ، پەرھات - شېرىن ، غېرىب - سەنەم... قاتارلىق چىن - ۋاپادار بىر جۈپلەر ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى نېمىدېگەن چىن - ھە ! يىگىتلەرنىڭ مەردانىلىكى قىزلارنىڭ سۆيگۈ خانىسىدە قاتمۇقات توسالغۇلارنى بېسىپ ئالمىدەك يۈرىكىدە ئالەمچە سۆيگۈنى ئورناتقان بولسا ، قىزلارنىڭ نازاكىتى ، ئەخلاقى ، سۆيگۈگە بولغان چىن ۋاپادارلىقى يىگىتلەرنى ئىشق ئوتىغا سېلىپ بەزىلىرىنى ئاشىق بىقارار قىلسا ، بەزىلىرىنى مۇھەببەت كۈرىشىدە يېڭىلمەس باتۇر پالۋانلارغا ئايلاندۇرغان... ھەقىقىي مۇھەببەت ئەنە ئاشۇنداقلاردىن تېپىلسا كېرەك...

مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان مېنىڭمۇ مۇھەببەت تراگېدىيەمدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئۇلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە ئازاب چېكىشمىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن... مانا شۇ تاپتا مۇھەببەت ئازابى ۋە خۇشاللىقىنىڭ خۇددى قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئىكەنلىكىنى ، ھامان بىر - بىرىگە بېقىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم...

بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ بولدى... شۇنداقلا ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە سۆيگۈمىزنىڭ ئاخىرلاشقان كۈنى... قەلبىمنىڭ سۆيگۈ بەتلىرىگە ئىككىمىزنىڭ ئۇيۇلتاشتەك قىلىپ يېزىلغان شېرىن ۋەدىلىرىمىز بىردىنلا يوقاپ ، قەلبىمنىڭ سۆيگۈ بەتلىرى يەنە گىياھسىز دالىدەك ئاق قېلىشقا باشلىدى . بەس ! بۇ سۆيگۈ

بەتلىرىگە ئەمدى سەن ئەمەس ، مەن ئۆزۈم... ئۆز قىلمىشىڭىز بىلەن ئۇزۇندە قالدۇرىمەن... خەير... ئەمدى مەن سەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلمايمەن... چۈنكى مۇھەببەت بىچارىلەرگە قىلغان سوۋغا ئەمەس... ئۇ مۇھەببەتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بىر جۈپلەرگە خاس يۈرەك...

بىلسەڭ يايىرىم ، ئۆزگىنى ئۇنتۇش ئاسان بولغان بىلەن سۆيگۈنى ئۇنتۇش تەس . بىراۋنى ياخشى كۆرۈشكە سەۋەب كەتمىگەندەك ، بىراۋنى ئۇنتۇشقىمۇ سەۋەب كەتمەيدۇ . ئەمما ، مەن بۈگۈندىن تارتىپ ساڭا بولغان سۆيگۈمنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇپ ، ساڭا بىر ئۆمۈر بەخت تىلەپ ياشايمەن... چۈنكى ئۆزگىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بەختتۇر ! !...

سەندىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى : ئۆزۈڭ بىر ئۆمۈر قەدىرلەپ سۆيگەن مەھبۇبەڭنى مەڭگۈ قەدىرلە... خەير...

تۇنمۇ پاتتى ، ئايمۇ ھەم ، قالدىم مەن يالغۇز ،
جىمىرلىغان يۇلتۇزلارمۇ قاقتى مېنى يەكلەپ .
قايتىپ كەل نىگارىم قىلما بۇنچە زار ،
يا قەدەھنى سۆيەتتىم بىر ئۆمۈر سەنلەپ .

پاتىگۈل رازى

# كۆز قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالغان سىيما

مەن شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ قاباھەتلىك بىر چۈش كۆردۈم . چۈشۈمدە سېنى ئىزدىدىم . مەن ئىزدىدىم ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن سۇبھى تاڭدىكى شەپەقنىڭ رەڭگىدىن سېنى ئىزدىدىم . يەنە ئۆزد- نىڭ چەكسىز نۇرى بىلەن گويا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ ئىللىق جىسمىدەك مېھىر - شەپقىتىنى سېخىيلىق بىلەن يەر يۈزىگە چېچىۋاتقان پەيتتە ئاشۇ قۇياشنىڭ تەپتىدىن سېنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭنى ئىزدىدىم . قات - قات ئېچىلىپ تۇرغان يەسىمەن گۈلىدىن ، دىللارغا ھۇزۇر بەرگۈچى قىزىلگۈللەرنىڭ ھەر بىر بەرگىلىرىدىن ، ھەتتا ھەرىكەتلىرىدىن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ئىز- دىدىم . ئۇنىڭ پۇرىقىدىن تىنىقىڭنى ، ھىدىڭنى ئىزدىدىم ، ئەمما سېنى تاپالمىدىم . مەن ھەريان تەلمۈرۈپ يۈرۈپ ، تۇيۇقسىز باغدا مۇڭلۇق سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم ، يەنە ئاشىقىنىڭ ئىشقىدا پەرياد چېكىۋاتقان كاككۇك ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم ، ئاشۇ مۇڭلۇق كۈي قېتىدىن چوڭقۇر يۈرەك قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىشق - مۇھەببەت قوشىقىنى پەرق ئەتمەك بولۇپ پۈتۈن زېھنىم بىلەن قۇلاق سالدىم . ئەجەبا ، پەرق ئېتەل- مىدىم ، مەن ئەمدى نالە قىلىشقا باشلىدىم . بۇ نالە خۇددى چۆلدە يالغۇز قالغان پادىچىنىڭ مۇڭلۇق نېيىدەك يۈرەكنى ئېزەتتى . شۇ چاغدا تىنىمسىز سايراۋاتقان بۇلبۇل بىلەن كاككۇكمۇ مەن كەبى مەزلۇمىنىڭ ئىشق نالىسىگە تاڭ قالدى بولغاي ، ئۆز ئىش- قىنى پەش قىلماي جىمىپ كەتتى .

مەن يەنە ئىزدىدىم . بۇلاقلاردىكى ئىچ - ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان تىنىق سۇلاردىن بىر جۈپ بۇلاقتەك ، ھەممىگە قادىر ،

ھەممىگە ئىنتائەتمەن ، مۇلايىم قاپقارا كۆزلىرىڭنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئېرىقلاردىكى شاۋقۇن سېلىپ ، تاشتىن – تاشقا ئۇرۇ-لۇپ ، شىر – شىر ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلاردىن سېنىڭ قولۇڭ تۈۋىمگە پىچىرلاشلىرىڭنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم ، يەنە يۈرىكىڭنىڭ ھاياجانلىق سوقۇشىنىمۇ بايقىغاندەكمۇ بولدۇم ، بىراق ئۆزۈڭنى ئۇچرىتالمىدىم .

مەن يەنە تازا چىڭقى چۈشنىڭ پىژغىرىن ئاپتاپلىرىدىن ، كۈننىڭ يالقۇنلىرىدىن ، سېنىڭ ئوت – كاۋاپ بولغان ، پاك سۆيگۈ بىلەن تولغان مەڭگۈلۈك قەلبىڭنى ، يالقۇنلۇق يۈرىكىڭنى ئىزدىدىم ھەم بايقىغاندەك بولدۇم ، بىراق ئۆزۈڭنى بارمىدى ، شۇ چاغدا بىپايان ئاسمان مەن كەبى ۋىسال شەربىتىگە قانمىغان تەشنا يۈرەكنىڭ نالىسىگە پايلىماي يىغلىۋەتتى . مەن يەنە يامغۇردىن ياشىرىپ كېتىۋاتقان ، مەزمۇت قامىتىنى كۆز – كۆز قىلىۋاتقان گىگانت تاغلاردىن سېنىڭ كۈچ – قۇدرىتىڭنى ئىزدىدىم ، بىراق تاغلارمۇ ئوڭايسىزلىنىپ تەۋرىنىپ قويدى ، خالاس . كەچكى شە-پەق كەڭ ئالەمگە قانات يېيىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ئەكس ئەتكەن پەيتتە ، قۇياش ئۆز ھۆسنىنى دالدىغا ئالغانىدى . سانسىز-لىغان يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۆز ھۆسنىدىن پەخىرلىنىپ پارلىغان پەيتتە ساماغا تىكىلدىم . ھە-سەن – ھۆسەن رەڭگىدىن سېنىڭ رەڭگىڭنى ئىزدىدىم ، ئاينىڭ ھۆسنىدىن سېنىڭ رۇخسارىڭنى ئىزدىدىم ، بىراق ئايمۇ مەن بىلەن تەقدىرداش ئىكەن . ئۇنىڭ يۈزلىرىدىمۇ ھەسرەت داغلىرى قېتىپ قالغانىدى . مەن بەلكىم بىر سوتكا ، ياق بىرنەچچە سوتكا ، ھەتتا ئاي ، يىللاپ قاراپ تۇرغاندىمەن . قانچىلىغان كەچ كۈزنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە تەلمۈرۈپ سېنى ئىزدىدىم . دىلىمنى سېغى-نىش ، ئىنتىزارلىق ، پاك مۇھەببەت چۇلغىۋالغان تالاي كۈنلەر-دە ، قىشنىڭ يەر – زېمىننى ، قار – مۇزلار قاپلىغان ئۆزۈن ئۇيقۇسىز كېچىلىرى قار كەبى بىغۇبار قەلبىم بىلەن سېنى كۈت-تۇم . سېنى سېغىندىم ، ساڭا تەلپۈندۈم ، قانچىلىغان باھارنىڭ مەيىن شامال لىرىدىن سېنىڭ سالىمىڭنى كۈتتۇم ، باھار شامالل-

رى گويا ماڭا ھېسداشلىق قىلغاندەك ، مەڭزىمنى ، چاچلىرىمنى ،
كۆزلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتتى ، خالاس . ماڭا خەۋەر بېرەلمىدى .
مەن تۇيۇقسىز توختاپ قالدىم . سېنىڭ ئىنىڭنى كۆرۈپ قالغاند-
دىم . ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى . بىراق ، ئۇنىڭ
جىسمىدىن سەندىكى كىچىك پېئىل تەمكىنلىكنى ، مېھىر - مۇ-
ھەببەتنى كۆرەلمىدىم . مەن يەنە تالاي يىگىتلەرنى ئۇچراتتىم .
ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئۇلار
ماڭا زوقلىنىپ تىكىلدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ساڭا
ئوخشاتمىدىم . مەن ئۇلارغا مۇلايىمغىنە : «مەن بىر پاك ۋاپادار
ئايال ، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان شەپقەتلىك ئانا ، مەن
ھەرگىزمۇ سىلەر ئىزدىگەن گۈل ئەمەس» دېدىم ، خالاس .

مەن چەكسىز نادامەت ئىلكىدە يىراقلارغا تىكىلدىم . چۈش-
تىن ئويغانماق بولۇپ قاتتىق تىركىشىپ ، ئەلەملىك سىلكىند-
دىم . بىراق ، شۇ چاغ ياپيېشىللىق تاغ باغرىدىكى رېشاتكىلىق
ھويلا ئىچىدە سېنى كۆرۈپ قالدىم . سەن بىر تۈپ دەرەخ تىكىل-
گەن ئاددىي قەبرە ئىچىدە ئاشۇ دەرەختەكلا تەنھا ، ئۈن - تىنسىز
ياتاتتىڭ . مەن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم ، قەبرە ئۈستىگە ئۆزۈمنى
ئاتتىم . توپىلارغا مىلەندىم ، بارماقلىرىم بىلەن سېنى تارتىپ
چىقارماق بولۇپ قەبرىنى كۈچەپ تاتىلىدىم . بارماقلىرىم ، تىر-
ناقلىرىم قاناپ كەتتى . قانلار شۇرقىراپ ئاقاتتى . رومىلىم ، قارا
كاستۇم - يوپكام ئاپئاق توپىغا مىلىنىپ رەڭگىنى يوقاتقانىدى .
بار ئاۋازىم بىلەن ئىتىڭنى توۋلىدىم ، لېكىن سەندىن سادا چىقمىد-
دى . تىنىمسىز ئېقىۋاتقان ياشلىرىم مەڭزىمدىكى توپا ئۈستىگە
سىرغىپ چۈشۈپ لاي بولۇپ قاتقانىدى . ئاغزىمدا توپىلار غىچىر-
لايتتى . مەن يەنىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدىم . ئاھ ، نېمىدېگەن قور-
قۇنچلۇق چۈش بۇ ؟ !...

مەن كۆزۈمنى ئاچتىم ، ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ئىدى . مەن
شۇ پېتىلا ئاشۇ رېشاتكىلىق ھويلا ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇراتتىم .

سىنىڭ جەسۇرانە قامىتىڭ يەنە كۆز ئالدىمغا كەلدى . ھېچكىمگە ئوخشىماس ، مەن ئۇچۇن ، مۇھەببىتىم ئۇچۇن يارالغان ئاشۇ [illegible] سىيما كۆز قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالغاندى...

ئادىل يۇسۇپ

# توي خاتىرىسى

## 1

ئويناڭلار گۇلدەك دوستلىرىم، لاچىندەك، قىران بۇركۇت-تەك دوستلىرىم! مەن سىلەرنىڭ ئويناپدىغان چاغدا ئىچىلىپ - يېيىلىپ قانغۇچە ئوينىشىڭلارنى قوللايمەن. خۇشاللىق ئىلكىدە لەۋ ئۇرۇپ يايرىشىڭلاردىن زوقلىنىمەن. مەن باشقىلارنىڭ خۇ-شاللىقىنى كۆرەلمەيدىغان قىزىل كۆز، ئىچى قوتۇر، پەسكەش-لەردىن ئەمەسمەن. مەن پەقەت سىلەردىكى بۇ خىل خۇشاللىقنىڭ ئامالسىز، بىردىنبىر، ئەڭ ئاخىرقى خۇشاللىق بولۇپ قېلىشى-دىن ئەنسىرەيمەن.

## 2

قۇلاق - مېڭىنى گاراڭ قىلىدىغان سورۇن ئاخىرلاشتى. ئالىيېشىل سايىلەر تۈن خىلۋەتلىرىگە سىڭىپ غايىب بولۇشتى. كەل ۋاپادارىم، قولۇڭنى بەرگىن! غېرىبانە كۆلىمىزنى تاپايلى، سۆيگۈ پىلەكلىرىدىن ۋىسال چېچەكلىرىنى ئىچىلدۇرايلى! ئىنى-سانلىق ئۇچۇن ئىيتقان مەدھىيە ناخشىمىز ھىلال ئاي نۇرىغا قوشۇلۇپ يۇلغۇنلۇق دالىلاردا قانات قاقسۇن. غۇبارسىز كۆڭلى-

مىز ، مىننەتسىز ھالال ئەجرىمىز تاڭ قۇياشىدەك سېخىيلىق نۇرلىرىنى جاھانغا تاراتسۇن !

## 3

توي باشلىنىدۇ ، توي ئەۋجىگە چىقىدۇ ، توي ئاخىرلىشىدۇ . ئىسراپ قىلىنغان قورۇمىلار ، ئىچىپ قۇرۇقدالغان بوتۇلكىلار ، بېلىقتەك قىز - جۇۋانلار ، خۇمارلىق بېقىشقان كۆزلەر ، ھايا پەردىسىنى يىرتقان سۆزلەر . سەبىي باللار سەينادا ، ئۈستەل ئاراچلىرىدا چۇرقىرىشىپ ئوينايدۇ ، يۈرەكلەر ئۈستىرىدا تىلغاندەك ئېچىشىپ سىرقىرايدۇ .

توي باشلىنىدۇ ، توي ئەۋجىگە چىقىدۇ ، توي ئاخىرلىشىدۇ . تۇيغۇلار ئۆلگەن ، ئورتاق تىل تۈگىگەن ، مەززەلەر ئۈستى-ئۈستىگە تىزىلغان ، تانسا - شاراب ئورتاق تىلغا ئايلانغان ، ئىس - تۈتەك سورۇننى چىپپىدە قاپلىغان ، تۈن نىسپى يېقىنلاپ قالغان...

توي باشلىنىدۇ...

## 4

باغاق كېلىدۇ ، بارمىساق بولمايدۇ ، بارىمىز . بۇ بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىز ، بىراق بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىز ئاران مۇشۇمۇ ؟ !

## 5

توي داۋاملاشماقتا . ئۇ بىر قوۋم ھاياتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل بەلگىسى .

تويِ ئۆزگەرمەكتە . ئۇ بىر قوۋم روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆز-گىرىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى .

## 6

كاتتا - كاتتا توي قىلىۋاتىمىز ، توپ - توپ تويغا بېرىۋاتىمىز . ھەممىنى ئۇنتۇپ ، يەپ - ئىچىپ توي ئويناۋاتىمىز . ئەقىل ، پۇل ، ۋاقىت... ئىشقىلىپ بار - يوقىمىزنى تويغىلا مەبلەغ سېلىۋاتقاندەك قىلىمىز . مانا بۇ بىزدىكى تەۋەككۇلچىلىك روھى ، مانا بۇ بىزدىكى بازار ئېڭىلىكى ! بىلمىدىم ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولاركىن ! ؟

## 7

يۇمىلاق ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرىمىز . تائاملار تىزىلىدۇ ، شاراب تارتىلىدۇ ، سايلامسىزلا ساقىي ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . قەدەھ ئايلىنىدۇ ، شاراب زورلىنىدۇ . ئىچىش - ئىچمەسلىكنى تاللاش ھوقۇقۇڭ ئېلىپ تاشلىنىدۇ . ھەيرانمەن ، ئىشلار ھەققىدىكى يۇمىلاق ئۇستەلدە بولىدىغان كېلىشىم روھى بىزدىن نەقەدەر يىراق - ھە ! ؟

## 8

ئېھ سازەندەم ! مۇڭلۇق كۇيلىرىڭگە نەقەدەر خۇشتار ئىدىم . ساڭا تۇتۇش ئۇچۇن ھۆرمەت گۇللىرىدىن مىننەتدارلىق گۇلدەستىلىرى تەييارلىغانىدىم . ئەپسۇس ، تولىمۇ ئەپسۇس ! يېقىمسىز شاۋقۇن - سۇرەنلەرنى بولۇشىغا ياڭرىتىپ ، قۇلاق - مېڭەمنى يەپ تۇگەتتىڭ . يېگەن - ئىچكىنىمنى زەھەر قىلىپ ، ئاجىز

يۈرىكىمنى ئورنىدىن قوزغاپ ، ئارامغا ئىنتىزار ۋۇجۇدۇمنى دەسسەپ چەيلىدىڭ .
سۆھبەت - پاراڭنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزنى سۆز قىلمىـ
دىڭ ، ئاران كۆرۈشكەن دوست - يارەنلەرنى ياتلاشتۇرۇپ ئۆز قىلمىدىڭ ، ئابرۇي - ئىناۋەتنى يەرگە ئۇرۇپ ، قىلچە يۈز قىلـ
مىدىڭ . قىسقىسى ، ئۆزۈڭنى پەقەت بىلمىدىڭ ، ساڭا نان ۋە جان بېرىۋاتقان سەنئەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى زادى قىلمىدىڭ ، ئەمدى ساڭا نېمە دەي ! ؟

بەلكىم ، ساڭا بىر نېمە دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن . بەلكىم سەن ياراتقان يېڭىچە ئۇسلۇبتىن تامامەن خەۋەرسىز قالغاندىمەن ! ئەگەر شۇنداق بولسا مېنى كەچۈرگىن ! بىراق ، بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈمنى ئىغىر كۆرمەي ئاڭلاپ قويغىن :

بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز ، بۇزرۇكۋار سەنئەتىمىزنىڭ پىرلىـ
رى پىرچەڭگى ، فارابى ، قېدىرخان يەركەندى ، خانىش ئاماننىـ
سا ، تاشۋاي ، روزەكباشى ، زىكرى ئەلپەتتا… نىڭ ھەققى - ھۆر-
مىتى ئۈچۈن ، سەن بىلەن قوۋم - قېرىنداش ، زاماندا بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ، مۇبارەك سازىڭنى پەسرەك چالغىن ، مۇڭلۇقراق چالغىن ، ئاڭلىغۇچىلىرىڭنىڭ را-
يىغا بېقىپراق چالغىن ! كاتتا شان - شەرەپلەر بېشىڭغا قونسۇن ، سازەندەم ، مېنى كەچۈرگىن .

لەتىپە ھامۇت

# سېنى سۆيەلمەيمەن

كېلىۋاتىمەن، خىيالىمدا سەن، قەلبىمدە سەن، يۈرىكىمدە سەن. تۈيۈقسىز ئايىغىم ئاستىدىكى زېمىن، ھەر بىر تال كىچىك تاش، توپا، زېمىنىنىڭ ئاشىقى نۇرانە قۇياش، تەبىئەتنىڭ زىننەتى دەل ـ دەرەخلەر ۋە ھەر بىر تال ياپراق، ھەيۋەتلىك سوغۇق بىنالار، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار، تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەر، قىسقىسى كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدات ساڭا ئايلاندى. سېنى قۇچاقلىدىم، پاكلىقىم بىلەن، غۇرۇرۇم بىلەن، سۆيگۈ لاۋۇلداپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن، پەقەت خىيالىمدىلا.

ئەي قەدىردانىم، ئازاب يۈرەك ـ باغرىمنى تىلغىدى. يىگىرمە بىر يىلنى كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزگەن شاش يۈرەك سېنىڭ ئويچان ھەم مۇڭلۇق كۆزلىرىڭ ئالدىدا شوخلۇقىنى يوقاتتى.

كۆزلىرىڭ ئارقىلىق ئىزھار قىلغان مۇھەببىتىڭنى، قەلب ئارزۇلىرىمنى زورمۇ زور بېسىپ بىپەرۋالىق بىلەن جاۋابسىز قالدۇردۇم.

جۈپتى بار ئادەمگە جۈپ بولۇشنى ئويلاشنىڭ ئۆزى ھەم نومۇس، ھەم ئازاب، ھەم بىمەنىلىك.

ياق، ياق، قەلبىم خىتاب قىلدى. مۇھەببەت پاك بولىدىكەن ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىش ھاجەتسىز. ئىنسان ئۆز يۈرەك ئارزۇلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بوغۇپ تاشلىسا قانداق بولغىنى، مۇھەببەتنىڭ چېگرىسى يوق، قانۇنى يوق، فورمۇلىسى يوق. ئۇ ئەركىن نەرسە...

سەنمۇ مېنى سۆيەتتىڭ خۇددى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك . ئۇنى سەزگىنىمدە خۇشاللىقىمدىن جاھان ماڭا تار كەلدى .

ئاھ بەخت ، مەن سۆيدۈم ھەم سۆيۈلدۈم پەقەت خىيالىمدىلا . سەن مېنىڭ بارلىقىم ئىدىڭ ، سېنىڭ يۈرىكىڭ ، سېنىڭ كۈل-كەڭ ، سېنىڭ ئاشقانە قاراشلىرىڭ ، سېنىڭ ئايالىڭنىڭ يېنىدا يېتىپ كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىڭ ، تاتلىق خىياللىرىڭ مېنىڭ ئىدى . مەن بۇنى بىلەتتىم . سۆيگۈدىن شادلىناتتىم ، كۈلەتتىم ، يىغلايتتىم ھەم نەپرەتلىنەتتىم پەقەت خىيالىمدىلا . ئەمەلىيەتتە بولسا تۇيدۇرماي ئارقاڭدىن قارايتتىم . ساڭا جىسمىم ھەم روھىم بىلەن ئىنتىلەتتىم .

بىز سۆزلەشمەيتتۇق ، ئەقەللىيسى خىزمەتداشلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ سالاملاشمايتتۇق (مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچقانلىقىم ئۈچۈن) ، ئەمما بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئاللىقاچان بىر - بىرىمىزنى سۆيۈپ ، قۇچاقلاپ ، قەلبلىرىمىز مۇھەببەتنىڭ ئىنسان روھىغىلا خاس بولغان پاك ، گۈزەل مۇنبەت زېمىنىدا ۋىسال شارابى ئىچىشكەنىدى .

ئاھ ئەزىزىم ، كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار ئۆتتى . قەلبىمدىكى يوشۇرۇن سۆيگۈ ، تاتلىق ئازاب ۋە ۋىسالغا بولغان تەشنالىق مېنى ساراڭ قىلايلا دېدى . بۇ مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي يولى ئەمەس . مەن ئۆزۈم سۆيگەن ھەم مېنىمۇ سۆيگەن ئادەم بىلەن ھايات گۈلىستانىدا بەختىيار قەدەملەرنى بېسىشىم كېرەك .

قەلبىمدە تاۋلىنىپ ، ئوتقاشتەك رەڭ ئالغان ئاتەش ھېسلىرىمنى ئادەت كىشەنلىرى بىلەن زەنجىرلەپ ، ئۆز تەقدىرىمنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەيۋەت - شىكايەتلىرىگە باغلاپ قويۇشنىڭ ئۆزى پاك مۇھەببەتكە قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ ؟

كېلىۋاتىمەن ، قەلبىم بىلەن ۋىجدانىمنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىق مۇنازىرىسىدىن كېيىن چىقارغان قارارىمدىن زوقلىنىپ . مۇبادا سېنى ھازىر ئۇچراتسام ھارارەتلىك كۆزلىرىڭگە تىك بېقىپ :

«سېنى سۆيىمەن، مەڭگۈ، مەڭگۈ» دېگەن بولاتتىم. شۇ ۋاقىتتا ۋىجدانىمنىڭ تەقىبى ئاستىدىكى سۆيگۈ قۇياشىم مۇھەببەت زېمىنىنى يورۇتۇپ، سېنى ئالتۇن نۇرلىرىغا ئورايتتى.

ئاھ! تەڭرىم تىلىكىمگە يەتكۈزدىمۇ نېمە، كۆز ئالدىمدا سەن، راستىنىلا سەن تۇراتتىڭ. قەلبىمنىڭ سۇلتانى، مېنىڭ كېلەچىكىم.

سېنى كۆرۈپ كۈلەي دېدىمۇ، يىغلاپ تاشلىدىم ھەم خىيالىمدا «بۇ سەن ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالسىكەن» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، سەن مېنى كۆرمىدىڭ، كۆزلىرىڭ باشقا تەرەپكە ئاجايىپ تەشنالىق ئۈمىد، بەخت تىلەكلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئوماققىنە بىر بالا ساڭا بۇدرۇق قوللىرىنى سۇنغىنىچە تايتاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئاھ! شۇ بالا، ئۇنىڭ سەبىي كۆزلىرى، چىلاندەك قىزىل لەۋلىرى. سەن ئامراقلىق بىلەن ئۇنى باغرىڭغا باستىڭ. زېمىن تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ مىنۇت سېنىڭ مېنىڭدىن كۆپ بەختلىك ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدىم. شۇنداقلا ئۆز خىياللىرىمدىن، ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم باسقان شۇ نارەسىدىنىڭ شاد كۆزلىرىنى تارتىۋېلىپ، گۈزەل باللىقىنى يېتىملىك چۆلىگە يەم قىلىش بەدىلىگە بەخت شارابى ئىچىشتەك ئاشۇ بىمەنە قارارىمدىن، شۇ ئەخمەق كۆڭلۈمدىن، قارىغۇ مۇھەببىتىمدىن، شۇنداقلا سەندىن مۇھەببەت تىلەپ تەلمۈرگەن خائىن كۆزلىرىمدىن نەپرەتلەندىم.

مۇھەببەت ئۇ قىممەتلىك، لېكىن دادىنىڭ بالىغا، بالىنىڭ دادىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ قىممەتلىك.

سېنىڭ قېشىڭدىن گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك خاتىرجەم ئۆتۈپ كەتتىم. كېلىۋاتىمەن، ئۆزۈمنى تولىمۇ يەڭگىل، ئالىيجاناب ھەم بەختلىك سېزىۋاتىمەن.

قەدىردانىم مېنى كەچۈر، مەن ئۆزۈمنى تاپتىم، سېنى سۆيەلمەيمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەدەنىيەت قادىر

# تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى بەئەينى قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ . دېڭىز سۈيى قۇملۇقنىڭ قېنى ـ قىندىغا سىڭىپ ، زاپاس ساقلىنىپ ، زور دەرىجىدىكى يېڭى سۇ مەنبەسى تولۇقلانمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ، قۇملۇقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئارقىلىق ، قۇملۇقنى ساقلاپ تۇرغۇچىدۇر . ئۇ يەنە بەزىدە پارغا ئايلىنىپ ، يامغۇر بولۇپ يېغىپمۇ قالىدۇ .

مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى يەنە تۆگىنىڭ لوكىسىدىكى زاپاس ساقلانغان مايغا ئوخشايدۇ . زاپاس ساقلانغان ماي تۆگىنىڭ ئاچ قالغان ، ئۇسسۇز قالغان چاغلىرىدا تەن قۇۋۋىتىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاشقا سەرپلىنىدۇ .

مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى خۇددى چىڭ يۇغۇرۇلغان ، قايتا ـ قايتا پىشىلدۇرۇلغان خېمىرغا ئوخشايدۇ . بۇنداق خېمىردا ئېتىلگەن ئۈگرىنىڭ سۈيى سۈزۈك چىقىدۇ ! يەنى بۇنداق مۇستەھكەم مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ئاسانلىقچە خورىمايدۇ !

مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ قىممىتى ، ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان قوۋمنى تولۇقلىمىسىز قالغان ئەھۋالدا ، قانچە زامانغىچە خوراپ كەتمەي يوقىلىشتىن ساقلاپ قالالىغانلىقىدا ! شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قانچىلىك تۈرتكە بولالايدىغانلىقىدا !

* * *

ئۇزلۇكسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدۇ .

مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ .

* * *

قۇياش نۇرىدا قىزىغان تاشقا سەرەڭگىنى كۈچمەيلا سۈركىسىمۇ ئوت ئېلىشى مۇمكىن ، ئەمما زىمىستاندا مۇزلىغان تاشقا سەرەڭگىنى قانچىلا كۈچەپ سۈركىگەن بىلەنمۇ ئوت ئېلىشى ناتايىن .

* * *

ئادەم تېنىدە ئىككى زاۋۇت بار :

بىرسى ، ئادەم بەدىنى بولۇپ ، ئۇ سىرتتىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ كېرەكلىك ماددىلارنى بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىپ ئايرىيدۇ . كېرەكسىزلىرىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ . ئادەم بەدىنىگە سىڭگەن قۇۋۋەت بولسا يەنە ئىستېمال ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنىدۇ . بۇ ، تەكرارلىنىپ دەۋرلىنىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەت !

يەنە بىرسى ، ئادەم مېڭىسى بولۇپ ، ئۇ تاشقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان مەنىۋى جۇغلانما مەلۇم چەككە يەتكەندە مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ . ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى ئۇنىڭ ئىستېمال قىلغان مەنىۋى ئوزۇقلىرىغا ۋە ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق بولۇپ ، ئىگىلىگەنلىرىنى قاز-

www.uyghurkitap.com

چىكى ئۈنۈملۈك ھەزىم قىلالىسا ، شۇنچىكى مول ، سۈپەتلىك مەھسۇلات بېرەلەيدۇ . مەنۋى مەھسۇلات يەنە باشقىلار تەرىپىدىن قايتا مەنۋى ئوزۇقلۇق قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىپ يەنىمۇ يېڭى مەھسۇلاتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، بۇمۇ تەۋرە-لىنىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەت !

ئادەم تېنى مېڭىسىنىڭ ماددىي كاپالىتى ، ئادەم مېڭىسى ئادەم تېنىنىڭ ھاياتلىقتىكى قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورگىنى ! شۇڭا ئۇ تەنىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان . ئادەم تېنى بولسا ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى ئاساس !

* * *

پىكىر خۇددى يامغۇر تامچىسىغا ئوخشايدۇ ، يامغۇر تامچىسى يەرگە چۈشكەن ھامان ئەتراپقا چاچراپ ، مەرۋايىت زەررىچىلىرىنى ھاسىل قىلغانغا ئوخشاش ، پىكىرمۇ ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلغان ھامان تۈرلۈك يېڭى پىكىر زەررىچىلىرىنى ئويغىتىدۇ . دېمەك ، يېڭى پىكىر پىكىردىن تۇغۇلىدۇ .

* * *

چوغ ! يالقۇنلاپ تۇرغان چوغنى ئۆچۈرمەك ئۈچۈن باشقا چوغلاردىن ئايرىپ يالغۇز قالدۇرسىلا كۇپايە .

يالقۇنلاپ تۇرغان چوغنى كۈل بولغۇچە ئۆچۈرمەك ئۈچۈن ، ئەتراپىغا چوغ يىغىش زۆرۈر .

* * *

رەقىبىڭىزنىڭ ئالدىدا كۈلۈۋاتقان چېغىڭىزدا رەقىبىڭىزگە كۈلۈشنى ئۆگىتىۋاتقان بولىسىز .

*　　*　　*

قۇياش نېمىشقا ئاينى ھەمراھلىقا تاللىدى ؟
قۇياشنىڭ نۇرىنى پەقەتلا ئاي ئۆز جىسمىدا ئەكس ئەتتۈ-رۈپ ، قۇياشنىڭ كېچىنى يورۇتالماسلىقتەك ئاجىزلىقىنىڭ ئور-نىنى تولدۇرالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟

*　　*　　*

دەرد ـ ئەلەم ئەزەلدىن تارتىپلا ماڭا سايە ، دەرد ـ ئەلەمنىڭ مەنبەسى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزۈم بولسام كېرەك .

*　　*　　*

كۆزلىرىڭنى بىر نۇقتىغا تىكىشىڭ ، كۆز تىكىشكە ئەرزىگۈ-دەك بۇ نۇقتىنىڭ سىيماسىنى ئۆزۈڭدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن-مۇ ؟

*　　*　　*

ئۇرۇقنىڭ تۇپراققا كۆمۈلۈشى بىخ ئۇرۇپ چىقىرىشى ئۈ-چۈندۇر .

*　　*　　*

كىشىلەر شاكالنى يامان كۆرىدۇ . مېغىزنى ياخشى كۆرى-دۇ ، لېكىن مېغىز شاكال ئىچىدە يېتىلىدۇ . ئۇنى شاكال ئىچى-دىن تېپىشقا دىتى بار كۆز كېرەك . يوغان مېغىز چوڭ شاكال

ئىچىدە بولىدۇ. سىز شاكالسىز مېغىز ئۈزگەنمۇ؟ ئەگەر يامان كۆرۈش توغرا كەلسە مېغىزسىز شاكالنى يامان كۆرۈڭ!

*　　*　　*

قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ يېگىنىڭ شەك - شۈبھىسىز سىنىڭ نېسىۋەڭدۇر.

لېكىن كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭنىڭ ھەممىسى سىنىڭلا نېسىۋەڭ بولۇشى ناتايىن.

*　　*　　*

ئالدىڭغا بىر قەدەم بېسىپ، ئۇن قەدىمىڭنى كۆزەت، مۆل-چەرلەپ كەينىڭگە يانغۇدەك بىر قەدەم قالسۇن، شۇنداق قىلساڭ ھاياتلىقتا پۇشايماندىن خالىي بولىسەن.



www.uyghurkitap.com

ئايتىللا ئوسمان

# سۆيگۈ نىدالىرى

غەمكىن شامالدا يېنىك شىلدىرلاۋاتقان يوپۇرماقلار، تەنھالىق، جۇدالىق ئىلكىدە ياش تۆكۈۋاتقان يۈرىكىمگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى:

— سۆيگۈ ئازابلىق، ھەقىقىي سۆيگۈگە، ئادەم نۇرغۇن جۇدالىق ۋە ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشى، سەۋرلىك بولۇشى، نۇرغۇن بەدەل تۆلىشى ئارقىلىق يېتەلەيدۇ. يار ئۈچۈن كۆيمىسە، جاپا چەكمىسە، جان پىدا قىلمىسا بۇنداق كىشىنى ھەقىقىي ئاشىق، چىن ۋىجدان ئىگىسى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئازابقا بەرداشلىق بەرگىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە، يار جىسمىغا قوشۇلۇپ كەتكىنىڭ، ئۆز بەختىڭنى تاپقىنىڭ. مۇھەببەت مانا مۇشۇنداق ئازابلىق جەريان.

توغرا، مۇھەببەتلىك بىر ئىنسان ئۈچۈن يار ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىشتىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇر بولمىسا كېرەك. مۇھەببەت ئابىھايات يامغۇرى، ئۇ ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىدۇ. زېمىندا بەخت- سائادەت، گۈزەللىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئاشىقتا ئاشىققا خاس پاك مۇھەببەت قارىشى بولۇشى كېرەك. شۇندىلا سۆيگۈ ئۇرۇقىدىن بىخلىنىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت كۆچىتىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىيالايدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن سۆيگىنىمنىڭ جىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ سۆيگۈسىدىن ئايرىلىپ قالمىدىم. يىغلاۋاتقان يۈرىكىم ناخشا ئېيتماقتا:

«دۇنيادا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ تۇرۇپ،
پاك مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ.»

*　*　*

قەلبىم ئازابلار قوينىدا قىسىلغان مىنۇتلاردا بىردىنلا سەن كۆز ئالدىمدا نامايان بولدۇڭ. بايىلا ئاچچىق ياشلارغا لىق تولغان كۆزلىرىم ئەمدى كۆلكىدىن قىسىلىپ كېتىپتۇ. جاۋغىيىمنىڭ تىلىپ كېتىشىدىن ئۆزۈمنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

«جېنىم، مەن سىزنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىمەن!» توغرا دەپتىكەنسىز جېنىم.

مەن مۇشۇ تاپتا تۈيغۇمدىكى سىز بىلەن شۇنچە بەختلىك.

*　*　*

ئازابلىق ئېغىر خىياللاردىن مۇڭلانغان ئۆيۈمدە قىلدەك تولغانماقتىمەن. ئوتلۇق تىنىقلىرىم بۇرۇن تۈشۈكچىلىرىمنى كۆيدۈرۈپ چىقماقتا. ئەنە شۇ ئازابلىق دەقىقىلەردە كۆز ئالدىمدا سۆيۈملۈك بىر سىيما جىلۋىلەندى. ۋۇجۇدۇم چاراسلاپ كۆيمەكتە. ئاشۇ سىيمانى ئەسلەۋېتىپ يۈرىكىم بىردىنلا ئازاب يېغىدا چاراسلاپ كۆيگەندەك بولدى.

كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر نۇر جىلۋىلەنمەكتە. جۇدالىق زىمىستانىدا توڭلىغان ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتماقتا!

توغرا، ئۇ نۇر مەن قاچان ئاشۇ سۆيۈملۈك سىيما بىلەن تونۇشتۇم، شۇنىڭدىن بېرى يۈرىكىمدە ساقلانماقتا! ئۇ مېنى نۇرغۇن بالا - قازالاردىن ساقلاپ قالغان ھاياتىنىڭ قىممىتىنى،

دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ، ئىنسانلارنىڭ تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىكەن-لىكىنى تونۇتقان . ئۆزۈمدىكى ، روھىمدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن ئاشۇ نۇرغا تەشنالىق بىلەن ئىنتىلگەن . قەلبىمدە ساقلىغان ، دىلىمنى يورۇتقانىدىم .

ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت ئىدى !

مەن ئاشۇ مۇھەببەت بىلەن ئەقىل كۆزۈمدە قارىغىنىمدا ئەتراپىم بىردىنلا نۇرلىنىپ ، غېرىب كۆلبەم يورۇپ ، گۈزەل بىر پاكلىق دۇنياسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى .

ئاھ تەڭرىم ، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر ! مېنى سۆيگۈمدىن ئايرىما ، ئۇنىڭسىز ياشاش مەن ئۈچۈن ئازاب !

سادا كەلمىدى ، شۇ تاپ ئۆزۈمنى چۆلدە قۇرۇپ قالغان يېگانە دەرەختەك سەزدىم .

توغرا ، ئۇ ئاللىقاچان مەن ۋە سۆيۈملۈك دوستلىرى ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ خوشلاشتى .

قىزارغان كۆزلىرىمدىن ئېغىر جۇدالىق ھەسرەتلىرى تېمىپ تۇرماقتا . قەلبىم جاراھەتتە ئىڭرىماقتا . ئوت پۈركۈپ تۇرغان تىنىقلىرىم لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارلارنى پارغا ئايلاندۇرماقتا . مەن ھاياتنىڭ غېرىب ، يېگانە ، مۇز قاتقان ، شىۋىرغان ھۆركىرى-گەن مۇدھىش ئارىلىدا جۇدالىق ئازابىدا ئىڭرىماقتىمەن .

ئاھ كاج پەلەك ، شۇم تەقدىر ، كۆرۈۋاتامسەن ، سۆيگىنىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان مەندەك بىچارە ئاشىقنىڭ كۆرگەن كۈننى كۆرۈۋاتامسەن ! تەبەسسۇم بىلەن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلى-رىمدىن ھەسرەت ، ۋەھىمە تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتام-سەن ؟ ! «جېنىم ، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بىرىنچى ، قورسىقىڭىزغا ئوبدان يەڭ ئىككىنچى ، رەتلىك ، پاكىز ، چىرايلىق كىيىنىپ ياسىنىپ يۈرۈڭ . ئۈچىنچى ، ئىشلىرىمىزنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇ-رۇڭ… »

مەرھۇم سۆيگىنىمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە يەنە جاراڭلىغاندەك بولدى . ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم . سۆيگىنىمنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئالدىمغا تىزىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم . ھەر بىر ۋاراقتا سۆيگىنىمنىڭ ئۈمىدلىك كۆزى ماڭا تىكىلگەن .

ئەلىجان ئوبۇل خەنجەر

# بىز شۇنداق ئوقۇتقۇچى ئىدۇق

(پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق تەسىراتلىرى)

بىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولغان، مۇنبەرلەردە دەرس ئۆتكەن، تا-لاي مەسۇم چىرايلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقان، ئۇلارنى ئادىمىيلىك پەزىلەتكە ئىگە قىلغان ئوت - يالقۇن ئىدۇق. قورسىقىمىز كەڭ، روھىمىز تۇيغۇن، قەلبىمىز ئويغاق، زېھنىمىز ئۆتكۈر بولغاچقا، رېئاللىققا ھامان ئۇمىدۋارلىق بىلەن قارايتتۇق. يۈكىمىز ھەرقانچە ئېغىر، ۋەزى-پىمىز ھەرقانچە مۇشكۇل بولسىمۇ، قىلچە ۋايسىمايتتۇق. خىز-مەت سالمىقى ھەرقانچە ئېغىر، تەلەپ ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، قىلچىلىك روھىي بېسىم ھېس قىلمايتتۇق. ھەر قېتىم تەييار-لىقنى پۇختا قىلىپ، سالماق قەدەملىرىمىز بىلەن سىنىپقا كىر-گەندە، ئوتتۇز نەچچە جۈپ سەبىي چىراينىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىـ-غان نۇر - ئۇچقۇن قەلبىمىزنى زەرەتلەپ، روھىمىزنى شادلاندۇ-راتتى. ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىمان ۋە ئېتىقادتىن، ساداقەت ۋە سەمىـ-مىيلىكتىن، چىنلىق ۋە گۈزەللىكتىن مەشئەل ياقالىغانلىقىـ-مىزدىن، ئاغزىغا خۇددى ئانا قۇشتەك دان سالالىغانلىقىمىزدىن شادلىناتتۇق، بېشىمىز كۆككە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ «مۇ-ئەللىم!» دەپ چاقىرغان جاراڭلىق خىتاب - چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، كۆزلىرىمىز نۇرلىنىپ، قەلبىمىز ياشىرىپ، جىسمىمىز كۈچكە تولاتتى. ئۇلارنى ئۆز پۇشتىمىزدىن زىيادە

كۆرەتتۇق، كۆيۈنەتتۇق، ئاسرايتتۇق. گۈزەللىكلەرنىڭ دىلىنى يو-
رۇتقۇچى روھىي باشلامچى، نۇرلۇق مەشئەل بولالىغانلىقىنى
ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قۇرۇماس بۇلاقتا، ئۇزۇلمەس ئېقىمىغا تو-
شتاتتۇق. روھىي ۋە جىسمىمىزنى ئىلىمنىڭ يېڭىلمەس تۈ-
ھېكمەتلىرى بىلەن سۇغىرىشقا، مېھىر - مۇھەببەت يالقۇنى بى-
لەن تاۋلاشقا توختىماي ھەرىكەت قىلاتتۇق. ئۆگەنگەنسېرى ئۆ-
گەنگىمىز كېلەتتى. ئۆگەنگەنسېرى ئىرادىمىز كۈچىيىپ، يې-
گىلىك جاسارىتىمىز جەۋلان قىلاتتى. ئۆگەنگەنسېرى قەلبىمىز
يورۇپ، كۆزىمىز روشەنلىشىپ، جىسمىمىز كۈچكە تولاتتى.
خىزمەتكە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ بېغىشلايتتۇق. بىز مانا
شۇنداق ئوقۇتقۇچى ئىدۇق.

بىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولغان، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىكى سەر-
خىل گۈللەردىن، قابىل سەركىلەردىن ئىدۇق. روھىي ۋە جىس-
مىمىزدىن ھەمىشە ئوقۇتقۇچىغا خاس باھادىرلىق چاقناپ تۇراتـ-
تى. ئىمانىمىز كامىل، روھىمىز تۈيغۇن ئىدى. كەسپكە ئۆزىـ-
مىزنى شۇنداق ئاتىۋەتكەن ئىدۇقكى، قىلغان ھەربىر ئىشىمىز-
دىن، ياراتقان ھەربىر تۆھپە - نەتىجىلىرىمىزدىن پەخىرلىنەت-
تۇق، سۆيۈنەتتۇق، روھىي قانائەت ھاسىل قىلاتتۇق. كەسپ-
داشلىرىمىز بىلەن خۇددى قېرىنداش ئاكا - سىڭىللاردەك، بىر
ئۇۋىدىكى قۇش باللىرىدەك تولىمۇ ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتۇق.
بىرىمىز يىقىلساق، ھەممىمىز تەڭ يۆلەيتتۇق، بىرىمىز كۈل-
سەك، ھەممىمىز تەڭ كۈلەتتۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا
يېتەتتۇق، دەردىگە شىپا بولاتتۇق، سىردىشاتتۇق. كەسپداشلى-
رىمىز بىلەن دوستلۇقنى، باراۋەرلىكنى، مېھرىبانلىقنى بىرىن-
چى ئورۇنغا قويۇپ، ھەققانىي تۇرۇپ، ئادىل رىقابەتلىشەتتۇق،
كەسپىي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتۇق، ئىزدىنەت-
تۇق. بىز ھەرقاچان، ھەرقانداق چاغدا كەمتەرلىكنى، سەمىمىيە-
لىكنى باشلامچى، مەغرۇرلۇقنى، ساختىلىقنى ئالدامچى دەپ

بىلىپ ، نادانلىقا ، قاراڭغۇلۇققا ، جاھالەتكە جەڭ ئېلان قىلاتـ-
تۇق . ئادىللىقنى ، باراۋەرلىكنى ، سەمىمىيلىكنى ، چىن ئىنسا-
نىي پەزىلەتنى ئۆزىمىزگە قىبلىنامە قىلاتتۇق . ئۇلۇغۋار غايە ،
تەۋرەنمەس ئىرادىنى قانات قىلىپ ، ئىلىم ئىشقىدا بۇركۈت كەبى
پەرۋاز قىلاتتۇق . قاناتلىرىمىز ئېتىقاد بىلەن غايىدىن ، ئىرادە
بىلەن پەزىلەتتىن كامال تاپقانىدى ، كۆزلىرىمىزدىن جەڭگىۋار-
لىقنىڭ ، باتۇرلۇقنىڭ ، باھادىرلىقنىڭ ئوت - يالقۇنى مەشئەل
كەبى چاقنايتتى . بىز مانا شۇنداق ئوقۇتقۇچى ئىدۇق .

بىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولغان ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ھۆرمىتىد-
مىز ، ئىناۋىتىمىز بار ئىدى . قىلغان ھەربىر ئېغىز سۆزىمىز
باشقىلارغا ئۈلگە بولاتتى . قولىمىزدا ئوقۇپ قاناتلانغان شۇڭقارلار
بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشەتتى ، قولىمىزنى قاتتىق سىقاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئو-
قۇتقۇچى بولغىنىمىزدىن ئالەمچە پەخىرلىنەتتۇق ، شادلىناتتۇق ،
ئوقۇتقۇچى بولغىنىمىزدىن شەرەپ ھېس قىلاتتۇق . قەلبىمىزدە
ئىلىمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد نۇرلىرى پارلاپ
تۇرغاچقا ، ۋۇجۇدىمىزدىن ئادىمىيلىك خاراكتېر ، ئىنسانىي پەزد-
لەتنىڭ ئوت - يالقۇنى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغاچقا ، بىز ھەمىشە
تۆرگە باشلىناتتۇق ، بىز ئاددىي - ساددىلىقنى ، كەمتەرلىكنى ،
سەمىمىيلىكنى ، مېھىر - مۇھەببەتنى ۋە توختىماي ئىزدىنىشنى
ئۆزىمىزگە مەڭگۈلۈك مىزان قىلىپ تاللاپ ، ئىسراپچىلىق ، ھو-
رۇنلۇق ، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ساختىلىقنىڭ گۆركارى بولغاند-
دۇق . ماددىي جەھەتتىكى تاپاۋەتكە ، روھىي جەھەتتىكى مەئىشەتـ-
كە ، ئەيش - ئىشرەتكە ، ئەمەل - مەنسەپكە ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ
كەتمەيتتۇق . دەل شۇنداق بولغاچقا ، بىز جەمئىيەتتە ھۆرمەت
قىلىنىشقا ، ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەنىدۇق . مانا بۇ ئوقۇتقۇ-
چىلىقنىڭ ئەڭ ئالىي شان - شەرىپى ۋە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى
ئىدى . بىز مانا شۇنداق ئوقۇتقۇچى ئىدۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

نۇرسىمان نۇرمۇھەممەت

# ئاھ ، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم

يالغۇزلۇق .

مەن تورۇسقا تىكىلگىنىمچە ياتاتتىم . تۇيۇقسىز بىراۋنىڭ دېرىزەمنى چەككىنىنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم . دېرىزىنى ئېچىشىمغا خىيالىم سەكرەپلا كىرىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى . مەنمۇ ئۇنى سېغىنىپ تۇرغاچقا چىڭ قۇچاقلىدىم . ئىككىمىز خۇددى نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ئاچا ـ سىڭىللاردەك مەڭزلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە يېقىپ كەتتۇق . مەن ئۇنىڭغا قىزىق چاي دەملەپ ئېلىپ چىقتىم . ئۇ ئىككى ـ ئۈچ ئوتلىۋالغاندىن كېيىن مېنى گۈزەل ئەسلىمىلەرگە بىللە سۆرەپ كىردى . مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇۋالدى . ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم .

چۆلدە يالغۇز قالدىم . خىيالىمدا ئالەمنى ئايلاندىم . ھېچكىم ماڭا دەخلى ـ تەرۇز قىلمىدى . مەن چەكسىز كەتكەن ئاسماندا ئۇچۇۋاتىمەن . پەسكە قارىسام دېڭىزلار بىر پىيالە سۇدەك كۆرۈندى . مەن خۇشاللىقىمدا بۇ بىر پىيالە سۇنى چاڭقاپ كەتكەن قۇياشقا سۇندۇم ، چۈنكى ئۇ ئىسسىقلىق تارقىتىمەن ، دەپ بەك ھېرىپ ھالى قالماي ئېغىزلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ . ئۇ خۇشال بولۇش تۇگۈل ماڭا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى . كۆڭلۈم يېرىم بولدى . ئۇنىڭ شۇ مەسخىرىلىك كۆزلىرىدىن چۆچۈپ كەتتىم بولغاي ، خىيالىمدىن ئويغاندىم . ھەي ، ئويلاپ باقسام بۇنداق قىلىش ئەسلا قولۇمدىن كەلمەيدىكەن . خىيال

دېگەن بەربىر خىيال ـ دە!

ياشلىقىڭ ئۈچۈن قىلغىنىم باركەن.  شېرىن نەرىسىدىن تاتلىق خىيال راستتىنلا بەك شېرىن. شېرىن نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ئادەمنى خۇشال قىلالىشى ناتايىن. ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم:

— ھەي خىيالپەرەس، خىيالنى ئاز سۈر! ھەقىقەت دېگەن بەربىر ھەقىقەت. ھېچكىم ئۇنى ئۆزگەرتەلىگىنى يوق. خىيالنى جايىدا سۈرسەڭ ئۇ چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بەربىر قۇرۇق خىيال، خالاس.

ئاھ!... مېنىڭ يالغۇزلۇقتىكى نادان خىيالىم، سەن ئاجايىپ ـ ھە!

## ئەگەر، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولسا...

ئەگەر، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ئەتىكى قۇياشنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمدىن پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ مەندىن، مېنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمغا قايغۇرمايتتىم. بۈگۈنكى نۇرنى قەدىرلەيتتىم، ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارايتتىم. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ نۇرلۇق چېھرىگە كۆزلىرىمنى چوڭ - چوڭ ئېچىپ تىكىلگەن بولاتتىم.

ئەگەر، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولسا، مەن بىر مىنۇت، بىر سېكۇنت ۋاقتىمنىمۇ قولدىن بەرمەي ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتەتتىم. تىرىشاتتىم، بۇ بىر كۈندە قانچىلىك ئىشلار يۈز بېرەر ـ ھە!

ئەگەر، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولسا، مەن بۈگۈنگە باتۇرلارچە جەڭ ئېلان قىلىپ ئېلىشاتتىم. ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن بۇ بىر كۈن ئىچىدە قىلىپ

بولالمىغان ئىشلىرىم ئۈچۈن ئېلىشاتتىم .

ئەگەر ، بۈگۈن راستتىنلا مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولـ
سا ، مەن بۈگۈنكى ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئېلىۋالغان ، كۈن
ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىلەرگە تويىماي قارىۋالغان ، پۈتۈن دۇنيانى
باغاش ئەتكەن بولاتتىم . ئۇنىڭ قۇچاقلىرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ
ئەركىن ئوينىۋالغان ، ئۇنىڭغا ئەركىلىۋالغان بولاتتىم . مامۇق-
تەك بۇلۇتلار ئۈستىدە قانغۇچە ئۇخلىۋالغان بولاتتىم . ئەڭ ئاخى-
رىدا كۆرگەن تولۇن ئاينىڭ جامالىدىن ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا
ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ۋىدالاشقان بولاتتىم...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەھىمجان رەھمەتجان

# مانا بۇ قاراماي

سۇپسۇزۇك ئاسمان، ئىللىق قۇياش، ساپ ھاۋا، بۇ قەيەردۇر؟ قاتار - قاتار دەل - دەرەخلەر، مەرۋايىتتەك سۇلار، ياپيېشىل چىملىق، قەۋەت - قەۋەت بىنالار، ئاسفالت يوللار، بۇ قەيەردۇر؟ كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك يورۇق، تولىمۇ جەلپكار شەھەرغۇ بۇ!

ئاڭلا، بەس - بەستە سايراۋاتقان قۇشلار، چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتكەن ئوماق باللار، جۇشقۇن قىز - يىگىتلەر، مەڭزلىرى تـوقاچتەك پـارقىراپ تۇرغان ياشانغان بوۋاي - موماىلار... ئاجايىپ ئۆزگىچە مەنزىرە - ھە!؟

ھەيران بولۇۋاتامسەن دوستۇم، بۇ راستىنىلا قاراماي ۋە قاراماي كىشىلىرىمىدۇر، دېدىڭمۇ؟ بەرھەق، بۇ ھەقىقەتەن قاراماي شەھىرى ۋە قاراماي كىشىلىرى.

ئەينى چاغدىكى گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان بۇ زېمىن، مانا بۈگۈن باشقىچە رەڭدار تۈستە جىلۋە قىلماقتا. ئەينى چاغدىكى بىرەر قۇشقاچنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ زېمىن باغرىدا مانا بۈگۈن تۈرلۈك قۇشلار ناۋا قىلماقتا. ئىسسىق دەستىدىن كىشىنىڭ پەقەتلا تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بۇ دىياردا مانا بۈگۈن باشقىچە ھاۋا، باشقىچە يېشىللىق، باشقىچە ھارارەت، باشقىچە ھۇزۇر، توغرا بۇ قاراماي. جۇڭغاردىكى قارا ياقۇتلا ئەمەس، بەلكى يېشىل ياقۇت، ھەتتا رەڭدار ياقۇت بولۇشقىمۇ شەرتى توشىدىغان قاراماي-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇر .

توغرا دوستۇم ، بۇ يەر ئېگىز - ئېگىز سولۇ شاراپلىرى بىلەن تولغان . بەلكىم ، سەن بۇ يەردە سەھرا بازارلىرىغا ئوخشاش قايناق بازارلار بارمۇ دەپ سورىشىڭ مۇمكىن . ئەلۋەتتە بار . ئەنە ھەر جۇمە كۈنىدىكى ئازنا بازىرىغا بېرىپ ئايلىنىپ باق ! ھەقىقىي سەھرا پۇرىقى شۇ يەردىن كېلىدۇ. قايناق بازار شۇ يەردە ، سەن ئۆزۈڭنى خۇددى ئۆز يۇرتۇڭنىڭ بازارلىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن !

سەن يەنە مەھەللە - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ باق ، ئۇ يەردە توپ - توپ ئولتۇرغان كىشىلەرنى ، شادىمان بالىلارنى كۆرسەڭ ، سەھرادىكى مەھەللەڭ ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئەسلىمەي تۇ-رالمايسەن . دېمەك ، بۇ يەردىمۇ ئۇيۇشقاق ، خۇش چاقچاق قېرىن-داشلىرىڭ بار .

ھە دوستۇم ، ئېگىز بىنالاردىن زېرىكتىڭمۇ؟ نېمە ، سېنىڭ سۇلار شارقىراپ تۇرغان ، گۈللەر ئېچىلغان ، ياپيېشىل ئورمان-لىقلارنى كۆرگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ خاتىرجەم بول ، ئۇلارمۇ بۇ تۇپراقتا بار . ئەنە ، سېلىم بوۋىنىڭ بۇلاقلىرى ، قاراماي شارقى-راتمىسى ، ئايكۆل ، دەم دەرياسى ، شەيتانكەرش... يۈر مەن سېنى قارامايىنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئاپىراي ، ئايلىنىپ كەل ، سە-گىدىۋال !

بۇ شەھەرنىڭ مېۋىلىرىنى سوراۋاتامسەن ! ئالدىرىما ، مەن سېنى مېۋىلىك باغلارغا ئاپىراي . ئەنە شاپتۇللار ، تاۋۇز - قوغۇن-لار ، ئۇلار قارامايىنىڭ يەرلىك مېۋە - چېۋىلىرى ، قارامايىنىڭ بۇغدايلىقلىرىمۇ بار تېخى !

قانداق دوستۇم ، ئەمدىغۇ سۆزۈمگە ئىشەنگەنسەن ، بۇ يەر سەن ئەينى چاغدا كۆرگەن قاقاسلىق ، چۆللۈك ئەمەس . بۇ زېمىن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقلارنى ، ئەگرى - توقاي-لىقلارنى بېسىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى . شۇنداق ، قاراماي بارغانسې-

ـرى پىشىپ يېتىلمەكتە . تەرەققىي قىلماقتا ، گۈللىمەكتە . شۇ-نىڭغا ماس ھالدا قاراماي كىشىلىرىمۇ ئۆزىدە يۇقىرى ساپا، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئاڭنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشماقتا . مانا بۇ قاراماي ، ئەينى چاغدا سەن «بۇ يەردىمۇ تۇرامدۇ كىشى» دەپ پىشىڭنى قېقىپ كەتكەن قاراماي ! ئۇ ھېلىھەم مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش ساڭا ۋە ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرىمەكتە ، ئىللىق باغرىنى ئاچماقتا .

بولدى ، خىجىل بولما دوستۇم . دېمەك ، بىزمۇ بۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن ، كۆكلەۋاتقانلىقىمىزدىن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك . ئىشىنىمەنكى ، بىز ۋە بىزگە ئوخشاش تالاي نېفىت گىياھلىرىنىڭ بەس ـ بەستە ئېچىلىشى ۋە خۇش پۇراق تارقىتى-شى بىلەن بۇ زېمىن يەنىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈسى ! دىيارىمىز-نىڭ ئاسمىنى يەنىمۇ سۈزۈك ، ھاۋاسى يەنىمۇ ساپ ، كىشىلىرى يەنىمۇ تىمەن ، بەختلىك ياشىغۇسى !

كۆرگەنسەن دوستۇم ، مانا بۇ — قاراماي !

## باغرىڭغا باس ، ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ !

ھەر قېتىم ئوغلۇڭنىڭ دەپتىرىنى كۆرگىنىمدە ، چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا چۆمۈپ كېتىمەن . چۈنكى ، ئۇ ھەر بىر دەپتى-رىگە باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش ئۆز ئىسمىنىلا ئەمەس ، ئاخىرىغا دادىسى — يەنى ، سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ بىللە قوشۇپ يازاتتى . ئەپسۇس ، ئۇنىڭ دادىسى بولغان — سەن ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس . لېكىن ، ئۇ ئىسمىڭنى بولسىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەن قو-شۇپ يېزىپ ، ئۆز دادىسىنىڭ ھاياتلىقىدىن ، بارلىقىدىن پەخىر-لىنەتتى .

توغرا ، ئۇ سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئەنە شۇ بالىلىق خاتىرىلىرىگە سەن ئۆزۈڭ تولىمۇ ئۇنتۇلماس

سەھىپىلەرنى يىرتىپ قالدۇرغانىدىڭ . بىراق ، ئۇنىڭ خۇشاللىق-لىرى ئۇزاققا بارمىدى . سەن ئۇنى يېگانە قويدۇڭ . ھەتتا ، شۇ ئوماق ئوغلۇڭنىڭ سېنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇشنىمۇ خالىمى-غانىدەك ، يىراق جايغا كەتتىڭ . ئۇ ئازابلاندى . لېكىن ، ئەپسۇس سەن ئۇنىڭ ئازابلىنىشلىرىنى ھېس قىلالمىدىڭ ھەم ھېس قىلال-مايسەن . چۈنكى ، سىلەرنىڭ قېنىڭلار ئوخشىغان بىلەن قەلبىڭ-لار ئوخشىمايدۇ ـ دە ! ئۇ — بالا ، سەن — ئاتا .

شۇنداق قىلىپ ، كۈنلەر ئۆتۈۋەردى . ئۇمۇ ئازابلىنىشنىڭ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى بىلدى . بىلسەڭ ، ئۇمۇ چوڭ بولدى . شۇڭا ، ئىلاج بار ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا ، باشقا ساۋاقداشلىرىدەك غەمسىز بولۇشقا باشلىدى . شۇڭا ، ئۇ ھەر بىر دەپتىرىگە ھېچ ئىككىلەنمەيلا سېنىڭ ئىسمىڭنى يازدى . چۈنكى ، شۇنداق قىلغان-دىلا ، باشقىلار ئۇنى «دادىسى يوق ئىكەن» دېمەيتتى . پەقەت بۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس ، ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇجۇلغان يۈرىكىگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپاتتى .

ئاھ ، سەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنەرسەنمۇ ؟ بىلسەڭ ئوغ-لۇڭدەك ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانالمىغان بالىلار ئاسانلا تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ . لېكىن ، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى . سېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قىلغان نەسىھەتلىرىڭ ھېلىھەم ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە ساقلانماقتا . ئۇ ھېلىھەم سېنى ئۇلۇغ بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى سوراپ تەرتىپلىك چوڭ بولماقتا .

گەرچە ، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىساڭمۇ ، لېكىن ئۇ-نىڭ دادىسى بار . بىر مەسئۇلىيەتچان دادىسى بار ، بۇ دادا ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسا ، ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە ، دەپتە-رىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماقتا . سەن بۇنى چۈشىنەمسەن ؟ ياق ، سەن چۈشەنمەيسەن ! چۈنكى ، سەن دادىسىز قېلىپ باقمىغان ، دادىسى يوقلۇقنىڭ دەردىنى بىلمەيسەن . ئويلا ، ئۆزۈڭنىڭ داد-سى بار تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئوغلۇڭنى دادىسىز قويدۇڭ ؟

ئەجەبا ، ساڭا ئوخشاش يېتىلگەن بىر ئەر كىشىگە دادا بولمىسا بولمايدۇ يۇ ، شۇ يۇمران مايسىغا دادا بولمىسا ، سېنىڭچە بۇ ئادىللىقمۇ ؟ توغرا ، ئۇ ساڭا موهتاج ! ئۇ ھەقىقىي دادىلىق مېھرىگە موهتاج ! بول ، يەنە نېمىگە تېڭىرقايسەن ، تېز ئۇنىڭ يېنىغا بار . ئوغلۇڭنى باغرىڭغا باس ! خۇددى ئۇ تۇنجى بولۇپ ، دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقىتتىكى مېھىر - مۇھەببىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆي ! «ئوغلۇم !» دەپ ئۇنى يېتىلە ! ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ، ئەينى چاغدا سېنى ئالەمچە شادلاندۇرغان «دادا !» دېگەن مۇڭلۇق سۆزىگە قۇلاق سال !

[General Information]
书名=爱的呼唤 维吾尔文
SS号=40219787

www.uyghurkitap.com